ياشلار بىلەن

# تارىخقا سەپەر

ئوسمان نۇرى توپباش

ئەركام نەشرىياتى

كىتابنىڭ ئەسلى ئىسمى: Gençlerle Tarih Yolculuğu
يازغۇچى: ئوسمان نۇرى توپباش
تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: سەھەر ئاۋۇتى
تەھرىرى: مەجىد غاپۇر
بەتچىك: راسىم شاكىروغلۇ
ئىستانبۇل ـ 1444/2022
Language :Uighur

ئەركام نەشرىياتى

ئالاقىلىشىش ئادرېسى

- Address : Ikitelli Organize Sanayi Bölgesi Mahallesi
  Atatürk Bulvarı Haseyad 1. Kısım No: 60/3-C
  Başakşehir - İstanbul / Türkiye

Phone : +90 212 671 07 00 (Pbx)
Fax : +90 212 671 07 48
E-mail : info@islamicpublishing.org
Web site : www.islamicpublishing.org

## مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........ 4
خۇش بىشارەتلىك چۈش ........ 9
بىر يىگىتنىڭ چۈشى ........ 12
تارىخ ئاتا ........ 13
ئوسمان غازىنى زىيارەت قىلىش ........ 14
I ـ مۇراتخاننى زىيارەت قىلىش ........ 21
فاتىھ سۇلتان مۇھەممەدخاننى زىيارەت قىلىش ........ 24
II ـ بەيازىدخاننى زىيارەت قىلىش ........ 29
ياۋۇز سۇلتان سەلىمخاننى زىيارەت قىلىش ........ 34
قانۇنى سۇلتان سۇلايمانخاننى زىيارەت قىلىش ........ 39
ئەبۇ سۇئۇد ئەپەندىنى زىيارەت قىلىش ........ 41
I ـ ئەھمەدخان ۋە ئەزىز مەھمۇد ھۈدايى ھەزرەتلىرىنى زىيارەت قىلىش ........ 43
ئۆچمەس ئىزلار ........ 47
زاۋاللىق دەۋرىدىكى ئىبرەتلەر ........ 48
ئىككىنچى چۈش ۋە تارىخ ئاتىنىڭ سۆزلىرى ........ 50
II ـ مەھمۇدخاننى زىيارەت قىلىش ........ 52
ئابدۇلئەزىزخاننى زىيارەت قىلىش ........ 54
قانۇن چىقىرىش تەشكىلاتى ........ 57
ئابدۇلئەزىزخاننىڭ ئارزۇسى ........ 58
ئاتام تىرىلسە ئىدى ........ 59
II ـ ئابدۇلھەمىدخاننى زىيارەت قىلىش ........ 61
مۇقەددەس لىنىيە ........ 65
بەھجە سۇلتان ........ 67
شادىيە سۇلتان ........ 69
چاناققەلئە شېھىدلىرىنى يوقلاش ........ 76
بۈگۈننى زىيارەت قىلىش ........ 81
سەن كۈچلۈك بىر مىللەت سەن ........ 84

# كىرىش سۆز

بىز ئاجىز بەندىلىرىنى ئىمان نېمىتى بىلەن شەرەپلەندۈرگەن ئاللاھتائالاغا ھەمدۇ-سانالار بولسۇن!

ئىنسانىيەتنى زۇلۇم ۋە جاھىلىيەت قاراڭغۇلۇقىدىن قۇتقۇزۇپ، ئىسلامنىڭ نۇرلۇق ئىقلىمىغا چىقىشىمىزغا ۋەسىلە بولغان كائىناتنىڭ پەخرى، رەسۇلىمىز مۇھەممەد مۇستافا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇت ۋە سالام بولسۇن!

بۇ مۇقەددەس ۋەتەننى جان ۋە قانلىرى بەدىلىگە ھەدىيە قىلغان ئەزىز شېھىدلىرىمىزنىڭ روھى شاد بولسۇن!

قەۋملەر مەلۇم بىر جۇغراپىيە قاتلىمىدا ئۆزىنىڭ مەنىۋى يىلتىزى ۋە ئوزۇقىغا تايىنىپ ھاياتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ تارىخىي يىلتىز ئۆتمۈشتىكى ماددى ۋە مەنىۋى بايلىقلار، زەپەر قۇچقانلار، ئۆرنەك شەخسىيەت قاتارلىق قەۋمىنىڭ ئاساسى غولىنى مۇرىسسەدە توشۇغانلاردۇر.

بارچە نوتىلار بۇ يىلتىزدىن ئوزۇق ئالغاندىلا ئاندىن چېچەكلەپ مېۋە بېرەلەيدۇ. بۇ سەۋەپتىن مىللەت دەرىخىنىڭ مەزمۇت بولۇش بولماسلىقى شاخلىرىدىن مەلۇم بولىدۇ. چۈنكى يىلتىز ۋە غولدىكى پۈتۈن تىرىشچانلىق شاخلارنىڭ باراقسانلىشى، چېچەكلىشى، مېۋە بېرىشى ئۈچۈندۇر.

مىللەت دەرىخى مانا مۇشۇ غايە ئۈچۈن غولى ۋە يىلتىزى بىلەن بىللە شاخلارغا قۇۋۋەت بېرىدۇ، چۈنكى بۇ شاخلار قەۋمىنىڭ كەلگۈسىنى يارىتىدىغان يېڭى ئەۋلاد يەنى پاشلاردۇر.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، بىر قەۋمىنىڭ ئىستىقبالىنى كۆرۈش ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس، بۇنى پەقەت شۇ قەۋمىنىڭ ياش ئەۋلادلىرىغا نەزەر سېلىش بىلەنلا كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. چۈنكى ھەر دەۋرنىڭ پاشلىرى ئۆز خاراكتېرىگە ماس ھالدا ھاياجان ئالىمىدە ياشايدۇ.

ئەگەر بىر قەۋمدە پاشلار زېھنىنى ئىلىم-ئىرپان، مەنىۋىيەت، پەزىلەت يولىغا قاراتقان بولسا، دېمەك، بۇ قەۋمدە ئۈمىد بار، بۇنىڭ ئەكسىچە پاشلار

دىققەت ئېتىبارى ۋە كۈچىنى پۈچەك ئارزۇلار، ئويۇن-تاماشاغا سەرپ قىلىۋاتقان بولسا، بۇ قەۋمنىڭ تەقدىرى پاجىئەدۇر.

بۇ سەۋەپتىن تارىخ سەھنىسىدە پۈت تىرەپ تۇرالىغان بارچە قەۋملەر ياشلارنى تەربىيەلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن.

مىللى ۋە مەنىۋى قىممەت جەھەتتە قەۋملەر ياش ئەۋلاتلارنى تارىخ ئېڭى بىلەن جانلىق يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن. چۈنكى ئۇلار ئۆتمۈشىنىڭ، ئەجدادىنىڭ، يىلتىزىدىن ئۈزۈلۈپ قالغان شاخلارنىڭ قۇرۇپ قاقشال بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن گىرمانلار تەربىيەنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىلا ياشلىرىغا ئوققا تۇتۇلغان شەھەر خارابىلىرىنى، كۈل بولغان ئورمانلارنى؛ ياپونلار ئاتوم بومبىسىنىڭ تەسىرىدىن تۈتەكلەشكەن شەھەرلىرىنى كۆرسىتىپ، ئۆتمۈشتە باشتىن كەچۈرگەن ئازابلىق كەچۈرمىشلىرىنى ئەسكە سالىدىكەن ياكى ئەكسىچە مىللى ئىنتىپاقلىق ۋە باراۋەرلىك ئاساسىدا قۇچقان زەپەرلىرىنى كۆرسىتىپ، ياشلارنىڭ ھاياجىنىنى قوزغايدىكەن.

قەۋملەرنىڭ ئەنە شۇنداق بۈيۈك ئارزۇلار بىلەن تايانغان، ئىپتىخارلانغان ۋە ئىبرەت ئالغان ۋەقەلىرى ھېچكىمگە بىزگە ئوخشاش كۆپ نېسىپ بولمىدى.

ئىستانبۇلنىڭ فەتىھ قىلىنىشى، ئەھلى سەلىپ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىشىمىز، يىگىرمە تۆت مىليون كۋادرات كىلومىتىر نېرىغىچە ئۇزىغان مۇھەببەت ۋە فەتىھ بايراقلىرىمىز، ھېچقانچە ماددى كۈچىمىز يوق تۇرۇپ جاھان زومىگەرلىرىنى تىرە-پىرەن قىلغان چاناققەلئە، ئىستىقلال ئۇرۇشلىرىمىز...

يۇقىرىقى مۇشۇ بىر قانچە مىسالنىلا ۋاقتىغا يەتكۈزۈپ توغرا بىر شەكىلدە چۈشىنىشىنىڭ ئۆزى بىز ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر.

لېكىن شۇنچىۋالا تەڭداشسىز تارىخى زەپەرلىرىمىز ۋە مەدەنىيەت خەزىنىمىز تۇرۇپمۇ، تارىخى يىلتىزىمىزدىن لايىقىدا پايدىلىنالماي، ئاچكۆز مىراسخورلاردەك تارىخقا دۈمبىمىزنى قىلىپ، پىسەنت قىلماسلىق مۇئامىلىسىدە بولساق، ئەپسۇسلىنارلىق ئاقىۋەتلەرگە دۇچار بولىمىز ۋە بۈگۈنكى كۈندە ۋابادەك يامراپ تېز سۈرئەتتە تارقىلىۋاتقان ئاتالمىش مەدەنىيلىشىش ئىسلاھاتى ئالدىدا قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدىغان ماجالىمىز يوق بىچارە ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىمىز. مىللى ۋە مەنىۋى بايلىقلىرىمىز تالان-تاراج قىلىنىۋاتقاندا سۈكۈت قىلىش، ئامانەتنى قولدىن

تاتقۇزۇپ قويۇشقا ئېلىپ بارىدىغان قورقۇنچلۇق پاجىئەدۇر.

نۇرغۇن جانلار بەدىلىگە كەلگەن ئامانەتلەرنى بۇگۈن ياخشى قوغداشقا تىرىشايلى. بولمىسا ئەتە بۇ بەدەللەرنى قايتا تۆلەشكە مەجبۇر بولۇپ قالىمىز، شۇ ھەقىقەتكى، قوغدالمىغان ئامانەتلەر قولدىن كېتىدۇ، قىممىتىنى تونىمىغىچە قايتا قولغا كەلمەيدۇ.

ۋەتەنپەرۋەر شائىرىمىز مەھمەت ئاكىف ئەرسوي بۇ ھەقىقەتنى شۇ مىسرالىرى بىلەن مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

> ئېگىسىز ۋەتەننىڭ قولدىن چىقىشى ھەقتۇر،
>
> ئىگە چىقساڭ بۇ ۋەتەن ئەسلا قولدىن چىقمايدۇ.

شۇنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، تارىخ ـ قەۋملەرنىڭ ئەسلىمىسى، تەجرىبە مەجمۇئەسىدۇر. بۇ سەۋەبتىن ئۆتمۈش ئۇنتۇلغان يەردە قەۋمىمۇ ئۇنتۇلىدۇ، ھاياتلىقىمۇ ئۇنتۇلىدۇ. چۈنكى بىر قەۋم بىر تارىختىن ئىبارەت، ئۇنى مەنىۋى بايلىقى ۋە ئۆتمۈشىدىن يىراقلاشتۇرۇۋەتكەندە پەقەت قۇرۇق ئادەم ئىسكىلىتىلا قالىدۇ، خالاس.

شۇ سەۋەپتىن، تارىختىن قالغان ئېلمىنتلارنىڭ تەسىرىدە يېڭى ئەۋلات ۋە يېڭى ئەسىرلەر جانلىق بولىدۇ. قەۋمنىڭ نامى ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان، مەنىۋىيىتى كۈچلۈك قەلبلەرگە ئىگە بولغان يېڭى ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈش بىلەن مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ.

پەرزەنتلىرىگە تارىخنى، چاناققەلئە داستانىنى ئەللەي ناخشىسى قىلىپ ئېيتىپ بېرەلەيدىغان ئەۋلادلارلا ئىمانىغا، مىللىتىگە ۋە پۈتۈن ماددى ۋە مەنىۋى بايلىقلىرىمىزغا ئىگە بولالايدۇ.

ئەنە شۇنداق ئىگە بولۇش ۋە قوغداش روھى بىلەن تارىختىن بۇيان ئەجدادىمىز ئىلىم ـ ئىرپان، ئەخلاق ـ پەزىلەت ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە تەڭداشسىز بىر ئورۇنغا نائىل بولدى. بۇنىڭغا پۈتۈن دۇنيا شاھىد بولالايدۇ. باتۇر ۋە پەزىلەتلىك ئەجدادىمىز ھەر ساھەدە تىللاردا داستان بولغان بىر مىللەت بولۇشىنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەڭ گۈزەل رەۋىشتە نامايەن قىلىپ، تارىخنىڭ ئالتۇن سەھىپىلىرىدە ئورۇن ئالدى.

بۇ ھەقىقەتلەردىن ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن يېڭى نەسىللەرگە تارىختىن ئېيتخارلىنىش تۇيغۇسىنى جايىدا بېرىش ۋە بېرەلەيدىغان بولۇش ئەڭ مۇھىم

ۋەزىپىمىزدۇر. ئەكسىچە بولغاندا، ياش ئەۋلادلار تەڭداشسىز خەزىنىمىزنىڭ ئۈستىدە بىچارە تىلەمچىدەك ياشاشقا مەجبۇر قالىدۇ.

ئاتالمىش غەرب مەدەنىيىتى بار كۈچى بىلەن ياشلارغا يۇقۇشقا، ئۇلارنىڭ پاكىز ۋە ساغلام مېڭىسىنى چاكىنىلىق باكتېرىيىسى بىلەن تولدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بۇ قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان سۈيىقەستلىرىگە ھەيرانلىق ۋە قىزىقىش نەزىرى بىلەن قارايدىغان روھى قۇل ۋە ماڭقۇرتلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن كۈچەۋاتىدۇ. بۇ ئاچچىق ھەقىقەتنى كۆرۈش ئۈچۈن ئەتراپىمىزغا سىنچىلاپ قاراپ ئىزدىنىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. شۇنچە كۆپ مەنىۋى بايلىقلىرى بولسىمۇ ئۆزىنى ناھايىتى نامرات ھېس قىلىدىغان، ھەتتا دۈشمىنىگىمۇ يالۋۇرىدىغان قەلبى كورلارنىڭ سانى ئاز ئەمەس.

بۇ سەۋەپتىن، ياشلار ئۈچۈن مۇھىم مەسىلىنىڭ بىرى تارىخى بايلىق ۋە شەرەپلىك ئورنىمىزنى تونۇش ۋە ھېس قىلىش. ئۆتمۈشتە نېمىلەرنى قىلغانلىقىمىزغا قاراپ، كەلگۈسىدە نېمىلەرنى قىلالايدىغانلىقىمىزنى ھېس قىلىش؛ قانداق كۆز قاماشتۇرغۇچى مۆۋاپىقىيەتلەر ۋە شەخسىيەتلەرگە ئىگە بولغىنىمىزنى ئاڭقىرىپ ئېخىمۇ ياخشى ئۈتۈقلارنى، ئېخىمۇ ئۈلگىلىك شەخسىيەتلەرنى يارىتالايدىغانلىقىمىزنى نامايەن قىلىش ۋە شۇنىڭغا ئىشىنىشتۇر.

يۇقىرىدىكى مەسىلىلەرگە ۋەسىلە بولۇش نىيىتى ۋە ئىرادىسى بىلەن بىز ئاجىزانە ھالدا زەررىچە پايدىسى تېگىپ قالار دەپ بۇ كىچىككىنە ئەسەرنى تەييارلىدۇق. شانلىق مىللىتىمىز بولۇپمۇ ياشلىرىمىزنىڭ مەنىۋى تۇيغۇسى ۋە تارىخ ئېڭىنىڭ يېتىلىشىگە كىچىككىنە ياردىمى بوپ قالار دەپ يازغان ماقالىلەرنى توپلىدۇق. ئوقۇشقا، چۈشىنىشكە ئاسان بولۇشى ۋە ھېسياتلىق بولۇشى ئۈچۈن ھېكايە ئۇسلۇبىنى قوللاندۇق. بىر ياشنى «تارىخقا سەپەر» قىلغۇزدۇق، بۇ يىگىت ئوسمان غازىدىن باشلانغان بەزى ئوسمانلى پادىشاھلىرىنى، ئۆلىما ئەدىبلەرنى، شېھىدلەرنى «تارىخ ئاتا» بىلەن بىرلىكتە زىيارەت قىلدى. قولۇڭلاردىكى بۇ كىتاب شۇ زىيارەتلەرنىڭ نەتىجىسىدە ئۇ ياشتا شەكىللەنگەن تەسىرات، ھاياجان، تارىخ ئېڭى جۈملىدىن مۇھەببەت بىلەن ياشىغان بىر ئىمانىنىڭ تەرجىمانى بولدى.

خۇلاسە كالام، شۇنى ياخشى چۈشىنىشىمىز كېرەككى، ئەجدادىمىزنىڭ مۇقەددەس ئامانىتى بولغان دىن، تىل، تارىخ ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ئىگە

بولۇش، خارابىگە ئايلىنىپ قالغان ماددى مىراسلارنى قايتىدىن رېمونت قىلدۇرۇپ قويۇش ئەمەس بەلكى ئۇ روھ، ئۇ تۇيغۇ ۋە ھاياجاننىڭ جانلىق مودېلىنى كەلگۈسى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈشتۇر..

ئۆتمۈشنىڭ ئىبرەت ۋە پەزىلەت لەۋھەسىنى توغرا چۈشىنىپ، ئۆزىگە ئالى نىشانلارنى تىكلەپ، مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن خەيرلىك ئىشلارغا نامزات بولغان، يىلتىزى ئۆتمۈشكە، شاخلىرى پارلاق ئىستىقبالغا ئۇزانغان ياش نەسىللەر نېمىدېگەن تەلەيلىك-ھە!

ئاللاھىم! مىللەت دەرىخىمىزنىڭ يۇمران نوتىلىرى بولغان ياش ئەۋلادلارنى ئەجداتلىرىمىزنىڭ شان-شۆھرىتىگە لايىق مېۋىلەر بىلەن بەرىكەتلەندۈرگىن، ئەسلىگە لايىق بىر نەسىل قىلغىن! كەلگۈسىمىزنىمۇ ئۆتمۈشىمىزدەك پارلاق، سەلتەنەتلىك ۋە لاياقەتلىك قىلغىن. بۇ جەننەت ۋەتىنىمىزنى جەننەت ئەھلى بولغان بىر نەسىلگە قىيامەتكىچە نېسىپ قىلغىن!

ئامىين!

ئوسمان نۇرى توپباش

2006-يىلى 7-ئاي

# خۇش بىشارەتلىك چۈش

تارىخ سەھىپىلىرىگە نەزەر تاشلايدىغان بولساق بۈيۈك ھادىسىلەرنىڭ ئارقىسىدا ئۇلۇغۋار ئارزۇلارنىڭ بىر باشلانغۇچ بولغانلىقىنى كۆرىۋالالايمىز. بۇ ۋەقەلەر ياراتقۇچىنىڭ رازىلىقىغا ئۇيغۇن بىر شەكىلدە بولسا بۇنىڭ بىشارىتىمۇ غەيرەتنى ئاشۇرغۇچى خۇش بىشارەتلەر بىلەن باشلىنىدۇ.

دۇنيا تارىخىنىڭ ئەڭ مۇبارەك ۋە ئەڭ ھەشەمەتلىك بىر بېتىنى تەشكىل قىلغان ئوسمانلىلىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىمۇ، ئاللاھنىڭ لۇتفى ۋە قۇدرىتى بىلەن مۇنداق بىر خۇش بىشارەت بىلەن باشلانغان.

بارچە ئىشەنچلىك مەنبەرلەر گۇۋاھكى، ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ بۈيۈك ئاتىسى ئوسمان غازى ھەزرەتلىرى ئاللاھنىڭ مۆئمىن بەندىسى، شەيخ ئەدەبالى ھەزرەتلىرىنىڭ ئۆيىدە خۇش بىشارەت بىلەن تولغان بىر چۈش كۆردى.

شەيخ ئەدەبالى ھەزرەتلىرىنىڭ ھوزۇرىدا مېھمان بولۇپ، قونۇپ قالغان بىر كۈنى ئوسمان روھىغا خۇشاللىق بېرىدىغان، نەپسانى ئارزۇلىرىنى بويسۇندۇرىدىغان بىر سۆھبەتنىڭ ھوزۇرى ئىچىدە ئىدى.

بىر رىۋايەتتە دېيىلىشىچە، ئۇزۇنگە ئارام ئېلىشى ئۈچۈن تەييارلاپ بېرىلگەن ئۆيىنىڭ تېمىدا ئېسىقلىق قۇرئان بولغىنى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ كىتابىغا ھۆرمەت يۈزىسىدىن پۈتۈنى ئۇزىتىپ ياتماستىن ئولتۇرغان يېرىدە ئۇيقۇغا كەتكەن. چۈشىدە شەيخ ئەدەبالى ھەزرەتلىرىنىڭ كۆكسىدىن چىققان ۋە بارغانسېرى ھىلال شەكلىگە كىرىۋاتقان ئاينىڭ بىر ئۇچىنىڭ ئۇزىنىڭ كۆكسىگە كىرىۋاتقانلىقىنى ۋە ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىدا بىر نوتا پەيدا بولۇپ بارا-بارا شاخلىنىپ چىنارغا ئايلانغانلىقى ۋە بۇ چىنارنىڭ شاخلىرىنىڭ ئۈچ قىتئەگە سوزۇلۇپ، نۇرغۇن قەۋملەرنى سايىسى ئاستىغا ئالغانلىقى، بۇ سايە ئاستىدىكى تۇپراقلاردا ھەشەمەتلىك قەلئە ۋە مۇنارلار ئۈستىدىن قۇرئان تىلاۋىتى قىلىنىپ، كائىنات گۈلشەنگە ئايلانغانىدى.



ئوسمان بەي چۈشىدە بۇ گۈزەل مەنزىرىنى ھاياجان بىلەن تاماشا قىلىۋاتقاندا تۇيۇقسىز بىر كىيىك سەكرەپ چىقىپ بىر غەربكە بىر شەرققە قاراپ قاچماقچى بولدى. ئوسمان بەي كىيىككە ئوق ئاتماقچى بولۇپ قارىغا ئېلىۋاتقاندا ئويغىنىپ كەتتى..

ئويغىنىپ تاھارەت ئېلىپ، ئەدەبالى ھەزرەتلىرىنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ، كۆرگەن چۈشىنى بايان قىلدى، ئاڭلىغانسىرى شەيخنىڭ چېھرىدە تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ، كۆزلىرى نۇرلاندى. شۇنداق، شەيخ ئەدەبالى ھەزرەتلىرى قەلب كۆزى بىلەن بۇ چۈشنىڭ سىرىنى يەشكەندى، ئوسمان بەينىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ:

”ئوغلۇم! غەيبنى بىلگۈچى پەقەت ئاللاھتۇر، لېكىن سەن كۆرگەن بۇ چۈش خەيىر بىلەن تولغان. ئاللاھ ساڭا ۋە سېنىڭ نەسلىڭگە سەلتەنەت نېسىپ قىلغۇسى! جاھان سېنىڭ ئوغۇللىرىڭنىڭ ھىمايىسى ئاستىغا كىرگۈسى، مېنىڭ نەسەبىمدىن بىر قىز بىلەن ئۆيلىنىسەن ۋە بۇ شەجەرىدىن تۇغۇلغانلار

سەن قۇرماقچى بولغان ۋە بارغانسىرى كېڭىيىدىغان بىر ھەشەمەتلىك دۆلەتنىڭ تەختىگە چىققۇسى، بۇ دۆلەت شەرق ۋە غەربكە قاراپ كېڭەيگۈسى“ دەپ تەبىر بەردى..

شۇنىڭ بىلەن ئوسمان بەيىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان ئېنىرگىيەسى تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئىشقا كىرىشىپ بىر يۈكسىلىشنىڭ ئاساسى ئاملى بولدى، تەڭداشسىز بىر مەدەنىيەتنىڭ ئۇلىنى قويدى. بۇ ياشلىق ئېنىرگىيەسى كۈچلۈك بىر قۇدرەت مەنبەسى ھالىتىگە كېلىپ، پۈتۈن جاھانغا ئادالەت ئۇرۇقى ۋە ئىلاھى كالام قۇرئان كەرىم نۇرىنى چاچتى، ئىنسانىيەت ۋاللىدە يورۇپ كەتتى.

خوش ئۇنداقتا، ئوسمان بەي ياشلىقىدا كۆرگەن ۋە ئەمەلگە ئاشۇرغان بۇ چۈشىگە يارىشا بۈگۈنكى دەۋىر ياشلىرىمىز قانداق چۈشلەرنى كۆرۈپ يۈرۈۋاتىدۇ؟ بۇنى كۆز ئالدىمىزغا قانداق ئەكىلىمىز؟

# بىر يىگىتنىڭ چۈشى

20 ياشلاردىكى بىر يىگىت...

گۈللىنىش ۋە خاراپلىشىش تەكچۈگلۈقىدا ئېقىپ كېتىۋاتقان بۇ ئالەمدىكى بەزىبىر ئۆزگىرىشلەرگە ساپ ۋە ئاكتىپ هالدا ئەگىشىپ بولالمايۋاتاتتى. قالايمىقان ۋە بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن يىپقا ئوخشاش چىگىش پىكىر ۋە ھېس-تۇيغۇلىرىغا بوزەك بولۇۋاتاتتى.

كاللىسىدا يالقۇنجاپ تۇرغان بىر ئاتەش بار ئىدى، قەلبىدە دائىم قىيامەت قوپاتتى. تەپەككۇرى - دۇنياغا كېلىش ۋە دۇنيادىن كېتىشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ سىر ئارىسىدا قىسىلىپ قالغانىدى. ئەقلى- ھاياتنىڭ تۈرلۈك ئېگىز-پەسچىلىكلىرى، ئالداش-ئالدىنىشلار، ئېرىشىش ۋە يوقىتىشلىرىغا تولغان زەنجىرى بىلەن كىشەنلىنىپ قالغانىدى. سىرلىق غارايىباتلارنىڭ تېگىگە يېتەلمەيتتى، ساناقسىز مەخلۇقاتنىڭ بىر-بىرىدىن پەرقلىق بۇ ھالەت ۋە تەقدىرلىرى قانداقسىگە بۇنداق بولىدۇ؟ جۈملىدىن دولقۇنلار ئارىسىدا چايقىلىپ ئۈزۈپ يۈرەتتى، ئۆزىنى يىلتىزسىز دەرەختەك قۇرۇپ كېتىشكە لايىق دەپ قارايتتى.

بۇ ياش ئەنە شۇنداق قىلىپ، كۆڭلىگە ھوزۇر بېرىدىغان بىر توغرا پىكىرگە ئېرىشەلمەي، سائەتلەرچە ئالدىدىكى تارىخ كىتابىنىڭ، جاھاننامىدەك ئۇزۇنغا سوزۇلغان چوڭقۇر سەھىپىلىرى ئالدىدا ئۈمىدسىز بىر نەزەردە ئولتۇراتتى. يېرىم ئۇيقۇ ھالىتى يەنى ياقازا ھالىتىدە بىر ۋاقىت تونۇلغا چىقىپ قالغاندەكلا مەنىۋى بىر چۈش كۆردى.

# تارىخ ئاتا



چۈشىدە ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاياتىنى باشلىغان ۋە تالاي ئەسىرلەردىن باشتىن ئۆتكۈزگەن بىر بوۋاي بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. بۇ بوۋاينىڭ ئىسمى تارىخ ئاتا ئىدى. يۈزىدە مىڭ يىللىق ئىنسانىيەتنىڭ ئاچچىق-چۈچۈك ئەسلىمىلىرىنىڭ ئىزى يالداما بولۇپ قالغانىدى. سانسىزلىغان ئۇرۇشلار، تىراگىدىيەلەر، كومىدىيە ۋە سۆيۈنۈشلەر...ئىشقىلىپ ئىنسانىيەتكە ئائىت جىمى نەرسە ئۇنىڭ بېقىشلىرىدىن تۆكۈلۈپ تۇراتتى. خۇددى ئۆتمۈشتىكى پۈتۈن ۋەقەلەر ئۇنىڭدا ئۈستى-ئۈستىگە چۈشكەن كۆلەڭگۈلەردەك چىگىش ھالغا كەلگەنىدى. سانسىز زەپەر شادلىقى ۋە مەغلۇبىيەتلەرنىڭ قايغۇسى ئۇنىڭ ھالىتىدىن مەلۇم بولاتتى ئۇ بەئەينى ئۆتكەن-كەچكەن ۋەقەلەرنىڭ يىغىندىسى ئىدى.

يېشىنىڭ چوڭلۇقى، پۈكۈلگەن بېلى ۋە ئۇچىدەك ئاقارغان ئاپئاق چاچ-ساقىلىدىن مەلۇم بولىدىغان تارىخ ئاتا، خۇددى بىرجۇغراپىيەلىك ئاتلاسقا ئوخشايتتى، ئىزتىراپ چېكىۋاتقان ھېلىقى بالىنىڭ بېشىنى مېھىر بىلەن سىيلاپ تۇرۇپ: ”ئوغلۇم، سېنى بەك چۈشكۈن، ئىچى سىقىلغان ھېس قىلىۋاتىمەن، سۇدەك ئېقىپ كېتىۋاتقان ئىنسانىيەت تارىخىغا يالغۇز بىر تەرەپتە تۇرۇپلا نەزەر تاشلىغانلار، ئۇنىڭ تار بىر يۈزىنىلا كۆرگەنلەر ھەقىقەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. سەن مۆئمىن ۋە ئابرويلۇق بىر ئەجدادنىڭ مىراسخورى، ھاياتىڭ ئىلاھى بۇيرۇق سەۋەبىدىن قەھرىتان جۇت-سوغۇققا دۇچ كەلگەن تەقدىردىمۇ تەسلىمىيەت روھىدا بول، لېكىن قەتئىي ئۈمىدسىزلەنمە. كېلىدىغان باھارنىڭ ئۈمىد ۋە تەسەللىيسى بىلەن ئۆزۈڭنى تەسكىن تاپقۇز. بۇ قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈشۈڭ ئۈچۈن سەن بىلەن بىر سەپەرگە چىقايلى“ دېدى ۋە ئۇ ياشنىڭ قولىدىن تۇتقىنىچە يولغا چىقتى.

# ئوسمان غازىنى زىيارەت قىلىش

ئۇلار ئاجايىپ ۋە مەجهۇل بىر ئالەمگە كىلىپ قالغانىدى، تارىخ ئاتا: "ئوغلۇم، كۆپ ۋاقتىمىز يوق، بۇ سەۋەپتىن ئەجدادىڭدىن پەقەت بەزىلىرىنى زىيارەت قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىشكە مەجبۇرمىز" دېدى ۋە يىگىتنى باشلاپ ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ باشلامچى سەركەردىسى بولغان ئوسمان غازىنىڭ هوزۇرىغا ئېلىپ باردى.



400 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن بۈيۈك بىر دۆلەت قۇرغان، هاياتىنى ئاللاھ يولىدا خىزمەت قىلىشقا سەرپ قىلغان، ئاتتىن هېچ چۈشمىگەن، ۋاپات بولغىنىدا بىر قانچە قىلىچ، بىر نەچچە ئات ۋە بەش-ئالتە قوينى مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن كەمتەر ئوسمان بەي ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارنى كۈتىۋالدى.

ئوسمان بەي تولمۇ ئاددى لېكىن پاكىز كىينگەنىدى، هەددىن زىيادە مۇلايىم ئىدى ئەمما يەنىلا مەنىۋى جەھەتتىن بىر هەيۋەتلىك ئەكىس ئېتىپ تۇراتتى، يىگىت ئۇنىڭ ئالدىدا جىددىيلىشىپ تىترەپ كەتتى..

بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقىنىڭ ئەجرىنى هەسسىلەپ كۆرۈپ، ئاخىرەتتە مەسئۇد هاياتقا ئېرىشكەن ئوسمان غازى نەچچە ئەسىرلەردىن كېيىن بۇ ياش نەۋرىسىنى كۆرگىنىگە هاياجانلانغىنىدىن ئۆزىنىڭ ياشلىقىنى ئەسكە ئالدى. كۆزلىرىنى ساماغا تىكىپ، چوڭقۇر ئۇھ تارتتى.

ئۇ كۆڭلىگە قايتىشنى، هەتتا مۇمكىن بولسا تەكرار شۇ كۆڭلىگە قايتىپ ئاللاھ يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى هەتتا شاھادەت شەربىتىنى ئىچىشنى



ئارزۇ قىلاتتى، لېكىن جانابى ئاللاھ ئىنسانلارنى بۇ دۇنياغا پەقەت بىر قېتىملا كېلىدىغان رەۋىشتە ياراتقاندى. بۇ دۇنيا ھاياتى ئىنسانلارغا بېرىلگەن بىر ھەق ئىدى.

ئوسمان غازى سالماق بىر تەلەپپۇزدا ئىنسانىيەتنىڭ ئىسلامىيەتكە ۋە ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقىغا بولغان ئېھتىياجلىرىدىن سۆز ئاچتى. ھەسەت، ئاچكۆزلۈك، ھورۇنلۇق دېگەندەك ناچار ئادەتلەردىن قۇتۇلۇپ، پۈتۈن ئىنسانلارغا تەبەسسۇم بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى، يۇمشاق تەبىئەتلىك، پاراسەتلىك، ئەخلاقلىق بولۇپ جېمى كىشىلەر بىلەن ياخشى ئۆتۈشنىڭ پايدىلىرىنى چۈشەندۈردى ۋە ئاخىرىدا مۇنداق دېدى:

"ئاناتولىيە بەگلىرى ئارىسىدىكى بىھۇدە تالاش-تارتىشلارغا ھېچقاچان قاتناشمىدىم، ھەتتا ئەتراپىمدىكى خىرىستىيان ۋىزانتىيە ۋالىلىرى بىلەنمۇ ياخشى ئۆتۈشكە تىرىشتىم. دائىم غەرپنى فەتھە قىلىش كويىدا بولدۇم، زالىملارغا قارشى كۈرەش قىلدىم. ئەتراپىمدىكى ئەسكەرلەر ۋە مەرگەن يىگىتلەرنىڭ سەممىيلىكىنى

كۆرگەن نۇرغۇن كىشى ئۆزلىكىدىن ئەتراپىمغا توپلىشىپ، تەۋرەنمەس بىر تەۋھىد ھالقىسى شەكىللەندۈردى“

بۇلارنى ئاڭلىغان يىگىت ئاڭلىغانلىرىنى كاللىسىغا ئورنىتىۋالماقچى بولىدۇيۇ ئانچە ئاڭقىرالماي قېينىلىپ قالدى ۋە تارىخ ئاتىغا ئىلتىجا نەزىرىدە قارىدى، تارىخ ئاتىمۇ ئوسماننىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلىغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ ئولتۇراتتى.

سۆھبەت ئۇزىغانسىرى يىگىت ئوسمان غازىنىڭ قانچىلىك زور مۇۋاپىقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇ كۆڭلىدە: ”قانداق قىلىپ مۇشۇنداق بولالىغاندۇ؟“ دەپ ئويلاپ تۇرىشىغا، ئوسمان غازى بىر دۆلەتنىڭ پۇت تىرەپ تۇرىشىدىكى ئەڭ ھالقىلىق سەۋەبنىڭ ئادالەت ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. توغرا يولدىن ئايرىلماسلىق، ھەقسىزلىق قىلماسلىق ۋە ئۆز ھەققىنى ھەم قوغداش لازىملىقىنى تەكىتلىدى. شۇ سەۋەپتىن ئۆزىنىڭ ھەزرىتى ئۆمەرنى ئۈلگە قىلىپ رەسمى قازى تەسىس قىلغانلىقىنى ۋە بۇ قازىلارنىڭ ئىش بېجىرىشىگە ئۆزىنىڭ ھەم باشقا ھەر قانداق كىشىنىڭ چات كىرىۋالمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.



ئىككىنچى ماۋزۇدىن سۆز باشلاشتىن بۇرۇن يىگىتكە ۋە تارىخ ئاتىغا قارىدى، ئۇلارنىڭ پۈتۈن دىققىتى بىلەن بېرىلىپ ئاڭلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

”ئاتام ئەرتۇغرۇل غازى، شەيخ ئەدەبالىنىڭ كۆز ئالدىدا چوك بولغانىكەن، مەنمۇ دائىم ئۇنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ تۇرىمەن، كېيىن چوڭ ئوغلۇم ئالاھىدىن پاشانى ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولسۇن دەپ يېنىغا ئەۋەتتىم. بۇنى دېيىشتىكى مەقسىتىم، بىر دۆلەتنىڭ بېشىدا تەقۋادار، ئاللاھ دوستلىرىنىڭ مەنىۋى قوللىشى ۋە خەيرلىك دۇئالىرى بولسا، ئۇ دۆلەت مۇستەھكەم ئۇل ئاساسىدا كېڭىيىدۇ ۋە ئۇزۇن مۇددەت سەلتەنەت سۈرەلەيدۇ.

ئاتام ئەرتۇغرۇل غازى، ئەۋلىيالارغا ئىلتىپات كۆرسىتىش جەھەتتە ماڭا



ۋە پۈتۈن ئەۋلادلىرىمغا يول كۆرسەتكۈدەك شۇ قىممەتلىك ۋەسىيەتلەرنى قىلغانىدى:

**ئوغلۇم! مېنى رەنجىتسەڭمۇ، شەيخ ئەدەبالىنى رەنجىتمە! ئۇ بىزنىڭ شەجەرىمىزنىڭ مەنىۋى قۇياشىدۇر. ئۇنىڭ تارازىسى ئادىلدۇر، ماڭا قارشى چىقساڭمۇ، ئۇنىڭغا قارشى چىقما! ماڭا قارشى چىقساڭ كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ رەنجىيمەن؛ ئۇنىڭغا قارشى چىقساڭ ساڭا قارار كۆزۈم يوق ياكى قارىسامۇ ھېچ كۆرمەيمەن.**

**سۆزلىرىم شەيخ ئەدەبالى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى سەن ئۈچۈندۇر، بۇنى ۋەسىيىتىم دەپ بىلگەيسەن!“**

سىلەرگە بۇ ھەقتە مۇھىم بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بېرەي:

قۇمرال ئابدال ئىسىملىك بىر كۆڭۈل ئەھلى بار ئىدى، يېنىشەھىر ئەتراپىدا ئولتۇراتتى. دەرۋىشلىرى بىلەن بىرگە رۇم سەھرالىرىغا كۆچۈپتۇ، ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىشى ئۈچۈن كۈچەپتۇ. بىر كۈنى بىر زات كۆرۈشۈپتۇ، ئۇ كىشى قۇمرال ئابدالغا:

”ئاللاھتائالا ئوسمان غازىغا ئۇزۇن مۇددەت سەلتەنەت سۈرىدىغان بۈيۈك بىر دۆلەت نېسىپ قىلدى، بېرىپ بۇ خۇشخەۋەرنى ئۇنىڭغا يەتكۈزگىن“ دەپتۇ، قۇمرال ئابدال مېنى تونىمىغاچقا، ئۇ زات تەقى-تۇرقىمنى سۈرەتلەپ بېرىپتۇ، قۇمرال ئابدال مېنى ئىزدەپ تېپىپ كېلىپ بۇ خەۋەرنى يەتكۈزگەندە بەك خۇشال بولدۇم ۋە ئۇنىڭغا:

”شۇ تاپتا يېنىمدا بىر قىلىچ ۋە بىر ئىستاكاندىن باشقا نەرسە يوق، بۇلارنى ھەدىيە سۈپىتىدە قوبۇل قىلغايسەن!“ دەپ ئۇنىڭغا بەردىم، قۇمرال ئابدال ئىستاكاننى ئېلىپ، قىلىچنى قايتۇرۇپ بەردى. كېيىن ئۇنىڭغا بىر ئېتىكاپخانا سالغۇزۇپ بەردىم ۋە يېنىشەھىر ئەتراپىدىن يەر بۆلۈپ بەردىم.



تارىخ ئاتا يىگىتنىڭ نىمىلەرنى ھېس قىلغانلىقىنى بىلگۈسى كەلگەنىدەك قاراپ قويدى.

ئوسمان غازىنىڭ ياش نەۋرىسىگە ۋەدىگە ۋاپا قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگۈسى كەلدى چۈنكى بۇ ھاياتتا ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ ياشاش بەك مۇھىم ئىدى.

"ماڭا قارا ئوغلۇم! ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ ئىشەنچلىك بولىشى، سۆزىدە تۇرىشى ۋە ئەتراپىكىلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىشى. بۇلار بولمىسا بىر ئىش قىلغىلى بولمايدۇ. ئاممىنى تەبئىيلا ئارقاڭغا توپلاشسۇن دېسەڭ خاراكتېرىڭ ياخشى بولۇشى كېرەك. ئادەمنى يۈكسەلدۈرىدىغىنى ئۇنىڭدىكى ئۈلگە بولغىدەك خاراكتېرى. خەلق دائىم ئۆزى موھتاج بولىدىغان شەخسنى ئىزدەيدۇ. پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەندەك ياش ۋاقتىدا مەككە مۇكەررەمەدە "ئەل ئەمىن" دەپ ماختىلاتتى. ھەتتا بۇ سۈپەت ئۇنىڭ ئىككىنچى ئىسمى بولۇپ قالغانىدى.

ئەمدى بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئۇنىڭ يولىدا مېڭىپ ئەمىن ۋە سادىق بولۇشتۇر،

بۇنىڭ يەنىلا ئۆزىمىزگە پايدىسى كۆپ. ساڭا ۋە دوستلىرىڭغا ئىبرەت بولۇپ قالار، بېشىمدىن ئۆتكەن بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي:



”دۆلىتىمىزنىڭ راۋاج تېپىپ كېتىشىنى خالىمىغان كەتە ۋالىيسى باشقا ۋالىيلارنىمۇ كۈشكەرتىپ چوڭ بىر قوشۇن بىلەن بىزگە ھۇجۇم قىلغانىدى. ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدۇق. كەتە ۋالىيسى قېچىپ ئۇلۇبات ۋالىيسىنىڭ يېنىدا پاناھلاندى، بىزمۇ ئۇلۇباتنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ كەتە ۋالىيسىنىڭ تەسلىم بولۇشىنى تەلەپ قىلدۇق. ئۇلۇبات ۋالىيسى مېنىڭ ۋە مەندىن كېيىنكى سۇلتانلارنىڭ ئۇلۇبات كۆۋرۈكىدىن ئۆتمەسلىك شەرتى بىلەن كەتە ۋالىيسىنى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.“

مەنمۇ مەن ۋە بۇندىن كېيىنكى ئەۋلادلىرىمنىڭ ئۇلابات كۆۋرۈكىدىن ئۆتمەيدىغانلىقىغا ۋەدە بەردىم.

ئەلھەمدۇلىللاھ! مۇشرىك قەۋملەرگە بەرگەن ۋەدەمگىمۇ رىئايە قىلدىم ۋە ئۇلابات كۆۋرۈكىدىن ئەسلا ئۆتمىدىم. ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن، مەندىن كېيىن كەلگەن ئەۋلادلىرىممۇ ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ، مېنىڭ ۋەدەمگە خىلاپلىق قىلمىدى. ھەتتا شۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشكە مەجبۇر بولۇپ قالغاندىمۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتمەي قېيىق بىلەن ئۆتتى، ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشلىرىغا قاراپ بەكمۇ سۆيۈندۈم، بەلكى سىلەرنىڭ باشلىقلىرىڭلاردىمۇ بۇنداق مىساللار كۆپ بولىشى مۇمكىن.

ياش يىگىت، بۇندىن بۇرۇن ھېس قىلىپ باقمىغان، ھەتتا ئويلاپمۇ باقمىغان ئىشلارنى ئاڭلاۋاتاتتى. قەلبىدىكى چىگىشلىكلەرنىڭ بىرئاز يېشىلىپ ئۆزىنىڭ بارا-بارا راھەتلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى.

ئوسمان غازى ھەزرەتلىرى يەنە بىر قانچە جۈملە بىلەن سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرماقچى بولدى:

”ئوغلۇم ئورخان غازىغا بىر قانچە تۈرلۈك ۋەسىيەت قىلغانىدىم، ۋەسىيىتىمنى ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن مۇۋاپىقىيەتلىك ئورۇندىدى، ئۇنىڭغا قالدۇرغان ۋەسىيىتىمنى سىلەرگە ۋە بۇندىن كېيىن كېلىدىغان يېڭى نەسىللەرگە قالدۇرماقچىمەن، چۈنكى ھەممىڭلار مېنىڭ ئۆز باللىرىمغا ئوخشاش:

**ئوغلۇم قەتئىي زالىم بولما! جاھاننى ئادالەت بىلەن گۈللەت ۋە ھەق يولدا چىڭ تۇرۇپ، روھىمنى شاد قىل؛ ئالىملارغا ھۆرمەت قىل، شۇندىلا دىن ۋە ھۆكمەت ئىشلىرى تەرتىپلىك بولىدۇ، قەيەردە بىر ئىلىم ئەھلىنى ئۇچراتساڭ ياكى بايقىساڭ ئۇنىڭغا ئىلتىپات كۆرسەت، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت ئال، ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەش؛ ئەسكەرلىرىڭ ۋە مال-مۈلكۈڭنىڭ كۆپلىكىدىن پەخىرلىنىپ ئەھلى ئىلىمدىن يىراقلاشما! بىزنىڭ ئىشىمىز، ئاللاھ يولىدا مېڭىش، مەقسىتىمىز ئاللاھنىڭ دىنىنى تەبلىغ قىلىش، ھەرگىزمۇ ئۇرۇش چىقىرىپ جاھانگىرلىك داۋاسى قىلىش ئەمەس.“**

ئوسمان غازىنىڭ سۆزى تۈگىشىگە تارىخ ئاتا بىلەن ياش يىگىت ئۆزرە ئېيتىپ بۇيۈك بىر ئېھتىرام ۋە ئەدەپ بىلەن ئۇيەردىن ئايرىلدى.

# I-مۇراتخاننى زىيارەت قىلىش

تارىخ ئاتا ۋە يىگىت خېلى بىر يەرگىچە ئۇنى چىقارماي يۈرۈشتى، ھەر ئىككىلىسى ئۆز كۆڭلىدە ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھېساب-كىتابىنى قىلىۋاتاتتى. تارىخ ئاتا جىمجىتلىقنى بۇزۇپ:

"ئوغلۇم، سېنىڭ ئەجدادىڭ ئىچىدە بۇنداق ئېسىل تەبىئەتلىك كىشىلەر ناھايىتى كۆپ ئۆتكەن، ئۇلار بىلەن تونۇشقانسىرى ھەيرانلىقىڭ ئېشىپ، كاللاڭدىكى مەسىلىلەرگە جاۋاب چىقىپ، قەلبىڭ راھەتلىنىپ قالىدۇ" دېگىنىچە يىگىتنى ئېلىپ كوسوۋا پاتىھى، شېھىد سۇلتان I-مۇراتخانغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.



I-مۇراتخاننىڭ ئۈستىدىكى شاھادەت قانلىرى تېخىچە قۇرۇمىغانىدى، ھەيۋەتلىك ۋە كۈچلۈك بىر دۆلەتنىڭ خەرىتىسىنى سىزغان قەلەمنىڭ سىياھى ئەجەبا ئاشۇ شاھادەت قانلىرى بولغىيمىدى؟ سۇلتاننىڭ يۈزىدىن خۇشاللىق جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئىلاھى دەرگاھقا يۈزى يورۇق ھالدا بېرىشنىڭ ۋە ۋىجدانى ھوزۇرىنىڭ كەيپىنى سۈرىۋاتقاندەك قىلاتتى. چۈنكى ئۇ، بىر يەردە بىر ئايدىن ئۇشۇق تۇرماي، ئاللاھ يولىدا دائىملا غازاتقا چىقاتتى.

سۇلتان ئۇ يىگىتنى كۆرۈپ، خېلى ئۇزۇن ۋاقىت كۆزەتتى ۋە ياڭراق بىر ئاۋاز بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

”ئوغلۇم! پۈتۈن مال-مۈلۈك ۋە جاننى ئۇلارنىڭ بىزگە بېرىلىشىدىكى سەۋەپكە ئاساسەن ئىشلىتىشىمىز كېرەك، كوسوۋا ئۇرۇشىدا بىر ئوغلۇمنى ئوك تەرىپىمگە يەنە بىر ئوغلۇمنى سول تەرىپىمگە ئېلىپ ئۇرۇش مەيدانىغا كىردىم، ئاللاھ دۇئايىمنى قوبۇل قىلىپ، بىزگە زەپەرنى نېسىپ قىلدى ۋە بۇ زەپەرنىڭ شۈكۈر قۇربانى مەن بولدۇم...

كوسوۋادا ھېلىھەم داۋاملىشىۋاتقان ئەزان ئاۋازى روھىمنى قانچىلىك خۇشال قىلىدىغانلىقىنى سەن ھېس قىلالمايسەن. شۇڭا ھازىر جەننەت باغچىسىدا ئۇ خۇشاللىق ۋە ھوزۇرنىڭ ئىلكىدە يۈرۈيمەن...“

ئىنسانىيەتنىڭ ھىدايەتكە ئېرىشىش يولىدا سەپەر قىلىش ۋە بۇ سەپەردە شاھادەت شەربىتىنى ئىچىش بىز ئۈچۈن چوڭ خۇشاللىق ئىدى.

ئوغلۇم، دادام ئورخان غازى ماڭا: ”ئاللاھنىڭ دىنىنى تەبلىغ قىلىپ، ئىنسانلارنى ئەبەدى سائادەتكە ئېرىشىشكە چاقىرىش ئىككى قىتئەگە سىغمىغىدەك چوڭ بىر داۋا، سەلجۇقلارغا ئوخشاش، رۇمنىڭ داۋاسىمۇ بىز“ دېگەنىدى. مەن بۇ يولدا ماڭدىم ۋە نۇرغۇن فەتىھلەرگە قاتنىشىپ بۈيۈك بىر دۆلەتنى ئارقامدىكىلەرگە قالدۇرۇپ كەتتىم، رەببىمىز بۇ ئۇلۇغ دىنىنى تارقىتىش يولىغا بىزنى سەۋەب قىلىپ تاللىغانىكەن، بۇ شان-شەرەپكە تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن نائىل بولدۇق..

كوسوۋا مەيدانىدا يارىلانغىنىمدا ئوغلۇم بەيازىتقا خەۋەر يوللۇدۇم، يېنىمغا كېلىپ مېنى قانلار ئىچىدە كۆرۈپ كۆز ياشلىرىنى تۇتالمىدى، ئېسەدەپ يىغلىدى... ئاستا-ئاستا بېشىمنى كۆتۈرۈپ باتۇر ئوغلۇمغا تۆۋەندىكى نەسىھەتلەرنى قىلدىم:

”ئوغلۇم، ھېچكىم ئۆلۈمدىن ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلغان تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، مەن ئۈچۈن يىغلىما، ئەگەر يىغلاش توغرا كەلسە مەسئۇلىيىتىڭ ئاستىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دەردى ئۈچۈن يىغلا! ئۇلارنى پەرىشان ھالەتتە تاشلاپ قويما، ئورنۇم ساڭا قالدۇ، ئادالەت بىلەن خەلققە ئۆزۈڭنى ياخشى كۆرسەت، خەلقىڭنى سۆي ۋە ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىش، مېنى خەيرلىك بىر پەرزەنتىنى بېشىمىزغا قالدۇرۇپ كېتىپتىكەن دەپ خەيرلىك دۇئالىرىدا ياد ئېتەر. شۇنى ھېچبىر زامان ئۇنتۇپ قالمىغىنكى، پادىشاھلىقنىڭ دەسمايىسى ئادالەتتۇر، تەختتە ئولتۇرۇشنى راھەت بىر ئىش دەپ قارىما، دۇنيادىكى ئەڭ

تەس ئىشلارنىڭ بىرى، سەلتەنەتتى مۇرىسىدە توشۇغان پادىشاھ بولۇشتۇر. بۇ دۇنيادا ياخشى نام قالدۇرۇپ كېتىشكە تىرىش، ئەجدادىڭنىڭ شەنىگە لايىق ياشا...“

بۇ تارىخى بايانلارنىڭ كەينىدىن مۇرات خان يىگىتكە ئېيتىدىغان سۆزلىرىنى خۇلاسىلەپ:

” بۇ نەسىھەتىمنى قەلبىڭلاردا چىڭ ساقلىغايسىلەر“ دېدى.

يىگىت بۇ سۆزلەرنى سۈكۈت ۋە تەپەككۇر ئىچىدە تىڭشىدى ۋە پۈتۈن بەدىنى تەرلەشكە باشلىدى. ھېچنېمە دېيەلمىدى، ئېغىر ئۇھسىنىپ سۇلتان مۇراتخاننىڭ ھوزۇرىدىن ئەدەپ بىلەن ئايرىلىپ فاتىھ سۇلتان مۇھەممەدخاننىڭ يېنىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى..



# فاتىھ سۇلتان مۇھەممەدخاننى زىيارەت قىلىش

فاتىھ سۇلتان مۇھەممەدخاننىڭ ھوزۇرىغا كىرىشتىن بۇرۇن تارىخ ئاتا يىگىتكە فاتىھ تۇغۇلغان چاغدىكى دەملەرنى سۆزلەپ بەردى:

”ئاتىسى II ـ مۇراتخان، 1432 ـ يىلى 30 ـ مارت سەھەر، ئەدىرنە سارىيىدا قۇرئان ئوقۇۋاتاتتى، دەل مۇھەممەد سۈرىسىنى ئوقۇۋاتقاندا، بىر ئوغۇل پەرزەنتلىك بولغانلىق خەۋىرى يەتكۈزۈلدى..

شېئىرى تۇيغۇغا باي بولغان سۇلتان، بۇ خوشخەۋەرنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈرۈپ:

”باغى ئىرەمدە گۈلى مۇھەممەد ئېچىلدى“ (ئىرەم باغىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ئىزباسار گۈلى ئېچىلدى) دېدى ۋە فاتىھنىڭ ئىسمىنى مۇھەممەد قويدى.



تارىخ ئاتىنىڭ سۆزلىرى تېخى تۈگىمەستىن، فاتىھ سۇلتان مۇھەممەدنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ قېلىشتى، مۇھەممەد ئىسمىغا لايىق بولغان سۇلتان مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم "نېمىدېگەن گۈزەل قوماندان" دەپ تەرىپلىگەن ئىلتىپاتنىڭ مەنىۋى ھوزۇرى ئىچىدە ئىدى.

سۇلتان يەر يۈزىدىكىلەر ئويلاپمۇ يېتەلمەيدىغان قالتىس گۈزەل ۋە ھەشەمەتلىك بىر سارايدا تەخت ئۈستىدە تىك ئولتۇراتتى. يىگىت ئەتراپىغا ھەيرانۇ ھەۋەس بىلەن قاراۋاتقاندا سۇلتان مۇھەممەد ئۇنى چاقىردى ۋە مۇنداق خىتاب قىلدى:

"ئەۋلادىم، مەن 14-يېشىمدىن باشلاپ ئىستانبۇلنى فەتىھ قىلىشنىڭ پىلانىنى تۈزۈشكە باشلىدىم، فەتىھكە تەييارلىق سۈپىتىدە رۇمەلى سېپىلىنىڭ خەرىتىسىنى سىزدىم ۋە مىمار مۇسلىھىددىن باش بولۇپ بۇ سېپىلنى ياساشقا كىرىشتۇق، ئەسكەرلىرىم بىلەن بىرلىكتە ھاياجان ۋە ئىرادە ئىچىدە ئۆزۈممۇ قول تىقىپ ئىشلەپ، يوغان قورام تاشلارنى مۆرەمدە توشۇدۇم، ئالتە مىڭ كىشىلىك ئىشچىنىڭ كېچە-كۈندۈز تىرىشىشى ئارقىسىدا 132 كۈندىلا بۇ سېپىلنى پۈتكۈزۈپ چىقتۇق.

سېپىلغا نەزەر سالىدىغان بولساق ئەرەپچە مۇھەممەد كەلىمىسى شەكىللىنىدۇ، م ھەرپى جايلاشقان يەرگە قەلئە، ھ ۋە د ھەرپى جايلاشقان يەرگە ئىستىھكام ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

53 كۈن ئىستانبۇل سېپىللىرىدا چەكمىگەن جاپايىمىز قالمىدى، ئەمما ھېچ بوشاشمىدۇق: "يا مەن ئىستانبۇلنى ئالىمەن، يا ئىستانبۇل مېنى ئالىدۇ" دېدىم. باتۇر ئەسكەرلىرىمۇ جېنى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي، سېپىللاردىكى ئوت يالقۇنلىرى ئارىسىغا يامىشىپ چىقتى ۋە بۇگۈن مەن شېھىد بولىمەن دېسە، مەن بولىمەن دەپ شېھىد بولۇشتا بەسلەشتى.

مېنىڭ ۋە ئەسكەرلىرىمنىڭ قەلبى ئىمان ھاياجىنى بىلەن تولغاندا رەببىم بىزگە زەپەرنى نېسىپ قىلدى.

شۇنداق قىلىپ مەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ خۇش بىشارىتىنىڭ بەرىكىتى بىلەن يېڭى بىر دەۋرنى ئاچتىم.



ئەجدادلىرىم ئارزۇ قىلغان فەتىھ ماڭا نائىل بولدى، ئىستانبۇلدا 18 كۈن تۇرغاندىن كېيىن يەنە سەپەرگە ئاتلاندىم.

بۇ يەردە يەنە بىر ئەسلىمەمنى سۆزلەپ بېرەي:

"ترابزون رۇم ئىمپېراتورلىقىغا قارشى سەپەرگە ئاتلاندۇق، شەھەرگە ئارقا تەرەپتىن كىرىش ئۈچۈن ئورمانلار ۋە تاغلاردىن ھالقىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. يىگىتلەر ئالدىدا يول ئېچىپ ماڭاتتى، بىر چاغدا



ئېتىم تېيىلىپ كەتتى، بىر قىيا تاشنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن تىركىشۋاتقىنىمدا قوللىرىم قاناپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن ھەسەننىڭ ئانىسى سارا خاتۇن:

ئوغلۇم، شاھلار ئوغلى شاھسەن، سەلتەنەتلىك پادىشاھسەن، ترابزوندەك كىچىك بىر يەر ئۈچۈن جېنىڭنى خەتەرگە ئىتتىرىشكە ئەرزىمدۇ" دېدى.

چۈنكى ھەسەن، ترابزون رۇم ئىمپېراتورى بىلەن تۇققان بولۇپ، بىزنى بۇ سەپەردىن ۋاز كەچكۈزۈش ئۈچۈن چوڭلارنى ھۆرمەتلەيدىغانلىقىمنى بىلگەچكە ئانىسىنى ئارىغا قويغانىكەن.

يارىدار ھالەتتە بولساممۇ شۇنداق دېدىم:

"ئى ئانا، قولىمىزدىكى ئىسلامنىڭ قىلىچىدۇر، بىزنىڭ بۇنچە جاپا چېكىشىمىز ۋە تىركىشىمىزنى قۇرۇق يەر ئۈچۈن دەپ ئويلاپ قالمىغايسىز، بىزنىڭ غايىمىز ئاللاھنىڭ دىنىغا خىزمەت قىلىش ۋە كىشىلەرنى ھىدايەتكە باشلاشتۇر، ئەتە ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا بارغاندا يۈزىمىزنىڭ يورۇق بولۇشى ئۈچۈندۇر، قولىمىزدا ئىسلامنى تەبلىغ قىلىش ۋە تارقىتىش ئىمكانىيىتى بار تۇرۇپ، كىچىككىنە قىيىنچىلىقلاردىن قورقۇپ چېكىنسەك، بىز غازى ئىسمىغا قانداقمۇ لايىق بولىمىز؟ غەپلەت ئەھلىگە ئىسلامنى تونۇتمىساق، ئۇلارنىڭ ئېزىپ كېتىشىگە قاراپ تۇرساق، ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا قايسى يۈزىمىز بىلەن چىقىمىز؟"

ئوغلۇم، بۇ سۆزلىرىم مېنىڭ ھايات چۈشەنچەم ۋە ئاخىرەت ئەندىشەمنى خۇلاسە قىلىدۇ.

فاتىھ سۇلتان مۇھەممەدخان، پەزىلەت ئىگىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ گۈزەل خۇلقلىرىدىن سۆز ئېچىپ:

"ئۆز دەۋرىمدىن بىر مىسال ئالاي، خەلقىمدىن بىر مۇسۇلمان، ماللىرىنىڭ زاكىتىنى ئېلىپ نەچچە كۈن چۆرگىلەپ يۈرۈپتۇ، بېرىدىغان ئادەم تاپالماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۇللارنى بىر كورىغا سېلىپ جاغالئوغلىدىكى بىر دەرەخكە ئېسىپ، ئۈستىگە:

"مۇسۇلمان قېرىندىشىم، شۇنچە ئىزدەپمۇ ئۆز يۇرتۇمدىن زاكىتىمنى بەرگۈدەك بىرسىنى تاپالمىدىم، ئەگەر موھتاج بولسىڭىز، ئىككىلەنمەي مۇشۇ پۇلنى ئىشلەتكەيسىز" دەپ يېزىپ قويۇپتۇ.



بىلىشىمچە ئۇ كورا ئۇ دەرەختە ئۈچ ئايغا يېقىن ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ، بىلىشىمچە ھازىرقى نەۋرىلىرىمۇ بۇنداق مەسىلىلەردە ئەنە شۇنداق ئىنچىكە ۋە ۋەتەنپەرۋەرغۇ دەيمەن"

ياش يىگىت ئېغىر ئۇھسىنىپ تارىخ ئاتىغا قارىدى ۋە بېشىنى ئەگدى، فاتىھنىڭ خىتابىدىن كىنايىدەك تۇيۇلغان بۇ كەلىملەر ئۇنى تەپەككۇر دەرياسىغا غەرق قىلدى، ئۇ تېخىچە ئۇچىنى قىيناۋاتقان ھېسلار قوينىدا تولغىناتتى. ئۇنىڭ سۈكۈت ۋە ھوزۇرغا ئېھتىياجى بار ئىدى. بۇ ياشنى بۇنداق ئىزتىراپ ئىچىدە كۆرگەن سۇلتاننىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى ۋە ئورنىدىن تۇردى.

ئۇلارنىڭ سۇلتان مۇھەممەدنىڭ ھوزۇرىدىكى زىيارىتى ئاخىرلاشتى، بۇ يەردىن ئوسمانلى مەدەنىيىتىنىڭ چوققىسى بولغان سۇلتان II ـ بەيازىدخاننىڭ يېنىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

# II-بەيازىدخاننى زىيارەت قىلىش

II-بەيازىدخان، سۇلتان فاتىھ مۇھەممەدخان دەپنە قىلىنىدىغاندا ئاتىسىنىڭ مىيىتىنى مۇرىسىدە كۆتۈرۈپ قەبرىگىچە مۇرىسىدىن چۈشۈرمىگەنىدى. دۇنياغا پادىشاھ بولسىمۇ ئاقىۋەتتە ھەممىسىنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا بارىدىغانلىقىنى بىلەتتى..

ۋەلى ئىسمى بىلەن ئاتالغان بۇ سەلتەنەتلىك شاھ بەيازىدخان ھوزۇرىغا كەلگەن ئۇ يىگىتنىڭ دەردىنى چىرايىدىنلا ھېس قىلىپ، يىگىت بىر نەرسە سورىماستىلا سۆزىنى باشلىدى:

"ئوغلۇم، ئىسلام كۆڭۈللەرگە ھوزۇر بېرىدۇ، مەن تەختكە ئولتۇرغاندىكى غەربنىڭ ئەڭ ئۇستا سەنئەتكارى، ممارى لىئونادرو داۋىنچى ئىستانبۇلنى تەرەققى قىلدۇرۇش ۋە مەسچىتلەر بىلەن بېزەش ئۈچۈن بىزگە مۇراجەت قىلدى.



ۋەزىر-ۋۇزرالىرىم ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن بۇ تەكلىپنى مەقبۇل كۆردى لېكىن مەن قوشۇلمىدىم، ئەگەر مۇشۇنداق قىلمىغان بولسام مىمار سىناننى بايقىيالمىغان بولاتتۇق، مەسچىتلىرىمىزدە خرىستىيانلارنىڭ ھاۋاسى ئۇچقان بولاتتى.

شۇنى ئۇنۇتمىغىنكى ئوغلۇم، خۇشاللىقلار ۋە كېلىشمەسلىكلەر ئىلاھى تەقدىر مەسلىسى، ئىنسانىنىڭ تىرىشچانلىقىغا باغلىق بولغىنى ئىلىم ئېلىش ۋە ئىلىم يەتكۈزۈشتۇر. بەزى كىشىلەر ئىنىم جەمنىڭ سۇلتان بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى، تەختكە ۋارىسلىق قىلىشقا ئۇ مۇناسىپ دەپ قارايتى. ئەمما جەم دۆلەتنى پارچىلاش ۋە خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇشتەك قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن يات ئەللەردە سەرسان بولدى، ئۆلتۈرۈلدى. شۇنى بىلۋالكى، ئوغلۇم، ۋەتەن تۇپرىقى ئەسلا پارچىلانماس.

ئىنىم جەم ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە گۇناھىنى تونۇپ، پۇشايمان قىلغاندا، پاپا ئۇنىڭغا خرىستىيان بولۇش تەكلىپىنى بېرىپتۇ، بۇ تەكلىپ جەمگە بەك ئېغىر كەپتۇ، ئازاپلانغان ھالدا:

"ئوسمانلى پادىشاھلىقىنى ئەمەس، پۈتۈن دۇنيانى بەرسەڭمۇ دىنىمنى ئەسلا ئۆزگەرتمەيمەن" دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئەھلى سەلىپ تەرىپىدىن مۇسۇلمانلارغا قارشى پىچكا سۈيىقەستىدە قوللىنىلماقچى بولىۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەن جەم ئاللاھقا شۇنداق يالۋۇرۇپتۇ:

"ئى رەببىم، كافىرلار ئەگەر مۇسۇلمانلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن مەندىن پايدىلانماقچى بولسا، مېنى ئەمدى ياشاتمىغىن، روھىمنى ھازىرلا دەرگاھىڭغا ئالغىن!"

قېرىندىشىمنىڭ دۇئاسى قوبۇل بولۇپ، 36 يېشىدا ۋاپات بولدى، پانى دۇنيا بىلەن خوشلىش ئالدىدا ئەتراپىدىكىلەرگە شۇنداق ۋەسىيەتلەرنى قىلىپتۇ :

"مېنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىمنى كېچىكتۈرمەي تېزلا ھەممە ئەتراپقا تارقىتىڭلار، كافىرلار سۈيىقەستىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن پەرىشان بولسۇن، ئاندىن ئاكام سۇلتان بەيازىدنىڭ يېنىغا بېرىپ ئېيتىڭلاركى، قانچىلىك جاپا چەكسىمۇ مېيىتىمنى ۋەتەن تۇپرىقىغا ئېلىپ كەتسۇن، كافىرلارنىڭ يۇرتىدا قېلىشنى خالىمايمەن، ھازىرغىچە قانچىلىك گۇناھ قىلغان بولسام، قانچىلىك خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولساممۇ بۇ ئارزۇيۇمنى ئىشقا ئاشۇرسۇن، ئەگەر بىرسىدە قەرزىم بولسا تۆلىۋەتسۇن، مېنىڭ ئورنۇمدا رازىلىق ئالسۇن.



كىشىنىڭ ھەقلىرىنى گەدىنىمگە ئېسىپ ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا بارماي،
ئائىلەمنى، بالا-چاقىلىرىمنى ۋە ئەتراپىمدىكى خىزمەتكارلىرىمنى كەچۈرۈۋەتسۇن،
ئۇلارنىڭ بىشىنى سىيلاپ قويسۇن.“

ئۇنىڭ ئۆلۈم گىردابىدا تۇرۇپمۇ بۇنچە ئەستايىدىللىقىدىن تەسىرلەندىم،
خاتاسىنى ئەپۇ قىلىپ ۋەسىيىتىنى ئورۇندىدىم، چۈنكى كەچۈرۈۋىتىش بىر
پەزىلەتتۇر، ئاللاھتائالا ۋە پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ئەپۇ
قىلىشنى بەك تەكىتلىگەنىدى. ئىنسان ئەپۇ قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ئەپۇسىنى
قولغا كەلتۈرىدۇ.“

سۇلتان ئورنىدىن تۇردى، ئۇ سۆزلىرى بىلەن تىڭشىغۇچىلىرىنىڭ قەلبىدىكى
چىگىشلەرگە بىر خەنجەر ئاتقان ئىدى.

يولدا كېتىۋاتقاندا تارىخ ئاتا II-بەيازىد زامانىدا ھىجرىيە 915-يىلىدا
يۈز بەرگەن كىچىك يەر تەۋرەشتىن ئېغىز ئاچتى. ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان ئۇ
كىچىك يەرتەۋرەشتە، ئىستانبۇل ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى خارابىگە ئايلاندى.

109 جامە، مىڭلىغان ئۆي يەر بىلەن يەكسان بولغاندى، شەھەر
سېپىللىرى، يەتتە قەلئەدىن باشلىغان شاھسارايىنىڭ تاملىرى ئۆرۈلۈپ
چۈشكەنىدى. بەيازىد ھەزرەتلىرىنىڭ كۆڭلى ناھايىتى يېرىم بولدى ۋە خەلقنىڭ



چىدىرلاردا، ناھايىتى قېيىن بىر ئەھۋالدا كۈن كەچۈرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىمۇ چىدىرغا كۆچۈپ چىقتى.
ھەتتا ئەدىرنە تەرەپنىڭمۇ بۇ ئايەت تەسىرىدە تالاپەتكە ئۇچرىغانلىقىنى ئاڭلاپ، توسقانغا قارىماي، ئەھۋالنى كۆرۈش ئۈچۈن ئەدىرنىگە باردى. مەرىچ دەرياسى ئۈستىدىكى كۆۋرۈكنىڭ ئۆرۈلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ۋەزىر-ۋۇزرالىرىغا مۇنداق دېدى:
"ئى ۋەزىرلىرىم، قازىلىرىم، ئەسكەرلىرىم، يىگىتلىرىم! بۇ ئاپەتنى كۆرۈپ تۇرىۋاتىسىلەر، بۇ زېمىنىمىز بۇنداق مىسلى كۆرۈلمىگەن ئېغىر ئاپەتكە ئۇچراپ باقمىغانىدى. مەن بۇنىڭ بىر سەۋەبىنى سىلەرنىڭ خەلققە زۇلۇم سالغىنىڭلار ئۈچۈنمىكىن دەپ بىلىمەن. كالالىڭلارنى سىلكىۋېتىڭلار، ۋەزىپەڭلارنى ئادالەت بىلەن بەجا كەلتۈرۈڭلار، ھېچكىمگە زۇلۇم قىلماڭلار، بۇ جانابى ئاللاھنىڭ بىزنى ئاگاھلاندۇرىشىدۇر، مەنمۇ شۇنى سىلەرگە ئېيتىپ قويايكى، كىم زۇلۇم قىلىدىكەن، كىم ئادالەتسىزلىك قىلىدىكەن ۋەزىپىسىدىن شۇ ھامان ئېلىپ تاشلايمەن."
بۇ يەر تەۋرەشتىن كېيىن مەملىكەتنىڭ ھەر يېرىدىن كەلتۈرۈلگەن ئۇستىلار، مىمارلار ئاپەت دەستىدىن ئۆرۈلگەن بارچە ئىمارەتلەرنى، ئۆيلەرنى قايتىدىن

بىنا قىلدى، رېمونت قىلدى؛ ئاپەتتە يارىلانغانلار دۆلەت خەزىنىسىدىن مەبلەغ چىقىرىلىپ داۋالىتىلدى،؛ ئىستانبۇلدىكى بارچە يوقسۇللار پادىشاھ سارىيىدا ئۈچ كۈن زىياپەتكە داخىل بولدى، سۇلتان بەيازىدخان بۇ پېقىرلار بىلەن بىر داستىخاندا غىزالاندى.

بۇ كەمتەر سۇلتان ئۆمرىنى ئاللاھ يولىدا كۈرەش قىلىشقا سەرپ قىلدى، ھەر سەپەر جەريانىدا ئۇچىسىغا قونغان توپىلارنى سىلىكىپ يىغىپ، خىش قۇيۇشقا ئىشلەتتى.

يىگىتنىڭ بۇ ئاڭلىغانلىرىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. بۇندىن بۇرۇن بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاپمۇ باقمىغان، ئوقۇپمۇ باقمىغانىدى. بىر سەلتەنەتلىك پادىشاھنىڭ خەلقنى بۇنچىلىك ئويلىشىنى بۇ دەرىجىدە كىچىك پېئىل بولۇشىنى كاللىسىغا سىغدۇرالمايۋاتاتتى..

يىگىت كۈرەش قىلىشنىڭ نېمىلىكىنى ئەمدى ھەقىقىي تونۇپ يەتكەنىدى. كۈرەش-نەپسىنى تەربىيەلەپ، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ دىنىنى يۈكسەلتىش ۋە تارقىتىش ئۈچۈن ئىسلامى ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان بارچە تىرىشچانلىقنى كۆرسىتەتتى..

ئايەت كەرىمە ۋە ھەدىس-شەرىفلەردە ئېيتىلغان "مېلى ۋە جېنى بىلەن كۈرەش قىلىش"، ھەرگىزمۇ قورال تۇتۇپ ئۇرۇش قىلىش ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دىنىمىز قورال-ياراقلارنى، ئاللاھنىڭ دىنى ۋە ھەق دەپسەندە قىلىنغاندا، مۇھىم چاغلاردا ئىشلىتىدىغان بىر ۋاستە سۈپىتىدە كۆرەتتى. ئەجدادىمىز قىلغان كۈرەش بولسا كۆڭۈللەرنىڭ فەتھە قىلىنىشى ئۈچۈن ئىدى، ئۇ باشتا ئاغزاكى، يازمىچە ياكى باشقا ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بارچە ئۇرۇشلىرىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئاللاھنىڭ دىنىنى تارقىتىش ۋە قوغداش مەقسىتىدىلا قىلىنىدى. پەقەتلا بىر ئۈچۈم تۇپراق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلار ئىنسانلار ئارا زۇلۇمدىن باشقا بىرنەرسە ئەمەس.

ھالبۇكى، ئىسلامدا ئۇرۇش پەقەت ئاللاھنىڭ ھەقىقى- ھۆرمىتىنى قوغداش ۋە ھىدايەتكە ۋەسىلە بولۇش، زۇلۇمنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك..

تارىخ ئاتا ۋە يىگىت سۇلتان سەلىمخاننىڭ ھوزۇرىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

# ياۋۇز سۇلتان سەلىمخاننى زىيارەت قىلىش

ياۋۇز سۇلتان سەلىمخاننىڭ چېدىرىدىن بىر ھەيۋەتلىك تۆكۈلۈپ تۇراتتى. چالدىۋران، مەرجىدابىك ۋە رىدانىيەلەرنىڭ ئازابلىق كەچۈرمىشلىرىنى ئۇنىڭ يۈزىدىن كۆرگىلى بولاتتى، جەڭ مەيدانىدىن ياڭرىغان تەكبىر ئاۋازلىرىنى ئاڭلىۋاتقاندەك قىلاتتى، يەنە بىر تەرەپتىن ھىجازنىڭ ئىككى مۇبارەك رايونى بولغان مەككە ۋە مەدىنىنىڭ ئىشلىرىنى زىممىسىگە ئالغىنىدىن پەخىرلەنگەن بىر قېرى دەرۋىش سۆيۈپتىدىكى سۇلتان سەلىمخان، سۆزىنى باشلىدى:

”ئوغلۇم! غەلبىنىڭ سەۋەبىنى ئۆزىدىن كۆرگەن، پەخىرلىنىپ كەتكەن كىشى ئۇ نېمەتكە يۈز كېلەلمەيدۇ.



ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئىككى مۇقەددەس ماكاننىڭ خىزمەتكارى بولدۇق، لېكىن بۇ نېمەتنى ئۆزىمىز قولغا كەلتۈردۇق دەپ كۆرەڭلەپ قېلىشتىن ھەرۋاقت پاناھ تىلىدۇق، بارچە نېمەتلەر ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بولىدۇ.“

ئوغلۇم! بىر قېتىملىق سەپەردە، زامانىمىزدىكى مەشھۇر ئالىم كامال پاشازادىنىڭ ئېتىنىڭ تويىقىدىن چاچرىغان لاي ئۈست-بېشىمنى ئوخشىتىۋەتتى، ئۇستاز خىجىل بولمىسۇن دەپ، مەن چاققانلىق بىلەن:

- ئۆلىمانىڭ ئېتىدىن چاچرىغان لاي بىز ئۈچۈن شەرەپتۇر، بۇ لاي كىيىممنى ئۆلگىنىمدە تاۋۇتۇمنىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويۇڭلار، ئەۋلادلىرىم ئىبرەت ئالسۇن، - دېدىم..

چۈنكى ھەقىقى غەلبە، قەلبلەرنى ئۇتۇشتۇر، مۇشۇنداق كىچىككىنە ئىشلار بىلەن ئەبەدىيلىك غەلبىگە ئېرىشەلىسەك ئەجەپ ئەمەس ئىدى شۇڭا ئۇ لاي كىيىمگە نۇرغۇن سىرلار يوشۇرۇنغان بولاتتى..

لېكىن، ئېچىنىشلىقى شۇكى، زىيارەت قىلىدىغان، ئىبرەت ئالىدىغان ئادەم قالمىغىلى تۇردى، قېنى قەيەردە ئۇ مۇبارەك يېگى ئەۋلاتلار؟

”ئوغلۇم، سەككىز يىللىق سەلتەنەت ھاياتىم، ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن قازانغان غەلبىلەر، شان-شەرەپلەر مېنى مەستخۇش قىلالمىدى ۋە شۇنى ھېس قىلدىمكى:

> پادىشاھى ئالەم بولۇش قۇرۇق بىر ئارزۇ ئىمىش،
> بىر ۋەلىگە دوست بولۇش ھەممىگە ئەلا ئىمىش.

ئوغلۇم! شۇنى ياخشى بىلگىنكى، ھەقىقى غەلبىلەرنىڭ ئاساسى، نەپسىنى يېڭىش ۋە ئۇنىڭغا ئالدانماسلىقتۇر. ئاناتولىيەنىڭ جانلىق ۋە جۇشقۇن بولۇشى دەل مۇشۇنداق ئويلىيالىشىدا. مۇشۇنداق قىلىش ئارقىسىدا ئېرىشكەن مىللى ۋە مەنىۋى ھوزۇرلارنىڭ سايىسىدا ئاناتولىيەمۇ ئەنە شۇنداق يەنىلا جۇشقۇن تۇرماقتا.

نۇرغۇن دۈشمەنلەر بىلەن يۈزلەشكەن بولسىمۇ قۇرىغان دەرەختىن يېشىل نوتىلار يېتىشىپ چىققاندەك دائىما ياشىرىپ باراقسان تۇرغان.

ئەۋلادىم، قىسقىسى بۇ سىناقلارغا تولغان دۇنيادا توختىماي تىرىشىشىمىز كېرەك، قارا، مېنىڭ سەككىز يىللىق سەلتەنەت ھاياتىمدا ئوردىدا ئۆتكەن



كۆنلىرىم بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا، ھاياتىم سەپەرلەر بىلەن ئۆتتى، ئاللاھتىن بۇلارنىڭ ئەجرىنى تىلەيمەن.

ياۋۇز سۇلتان سەلىمخاننى تارىخ ئاتمۇ بەك قول قويىاتتى. ئۇنى ياخشى چۈشىنەتتى ۋە پاراكلاشقانسىرى باشقا ئەسلىمىلەرمۇ چۈۋۈلۈپ چىقىپ كۆز ئالدىدا نامايەن بولاتتى..."

ياۋۇز سۇلتان سەلىمخان تەختكە چىقىدىغان ۋاقىتتا مۇنۇلارنى ئېيتقانىدى:

"مەن پادىشاھ بولسام، ئەرەبىستان ۋە چەركەزىستاننى شۇنداقلا ئېتىقادتا خاتالىشىۋاتقان بارلىق رايونلارنى توغرا يولغا يېتەكلەيمەن، ھەتتا ئىسلامنى بىر نوقتىغا مەركەز قىلىش ئۈچۈن ھىندىستان ۋە تۇرانلارغىچە بارىمەن. شەرق ۋە غەربتە ئاللاھنىڭ دىنىنى تارقىتىمەن، ئەگەر ئۆز پۇشتۇم زالىملىق قىلسىمۇ قىلچە يۈز خاتىرە قىلماي، زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلىمەن. مەن مانا مۇشۇنداق ئادەممەن، سەپەردىن قورقمىساڭلار بەيئەت قىلىپ، ماڭا ئەگىشىڭلار."

تارىخ ئاتا، ياۋۇز سۇلتاننىڭ زەپەرلىرىنى، ھالال-ھارامغا دىققەت قىلىشى بىلەن باغلايتتى. مىسىرنىڭ فەتھى سەپىرىدە يولدا گۈل-گىياھلىق، مۇبلىك باغلىق بىر يەردىن ئۆتۈشكە توغرا كەلدى، ئارىدا توختاپ ئارام ئېلىنغاندا ياۋۇز سۇلتان سەلىمخان پۈتۈن ئەسكەرلىرىنىڭ يانلىرىنى ئاختۇرغۇزۇپ ھېچكىمنىڭ يېنىدىن مېۋە چىقمىغانلىقىنى كۆرۈپ قولىنى كۆتۈرۈپ شۇنداق دۇئا قىلدى:

"ئاللاھىم! ساڭا سانسىز شۈكۈرلەر بولسۇن، ماڭا ھارام يېمىگەن بىر قوشۇن ئاتا قىلدىڭ، ئەگەر ئەسكەرلىرىمدىن بىرەرسى ئېگىسىدىن رۇخسەتسىز بىر تال

مىۋە ئۈزگەن بولسا ئىدى، مەن مىسىرنى فەتھ قىلىشتىن ۋاز كەچكەن بولاتتىم"



ياۋۇز سۇلتان ھېچنىمىدىن قورقمايدىغان باتۇر بىر پادىشاھ ئىدى، مەرجىدابىك ئۇرۇشىدا ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىكتە ئالدىنقى سەپكە كېتىۋاتقاندا، ۋەزىرلىرى ئالدىنى توسۇپ:

"پادىشاھى ئالەم، بىردەملىك ھاياجان ۋە غەزەپ بىلەن ئۆزىڭىزنى ئوتقا ئاتمىغايسىز، خەلقىڭىز ۋە تەخت سىزگە موھتاجدۇر" دېدى.

سۇلتان: "بىز جەننەت ماكان فاتىھ سۇلتان مۇھەممەدنىڭ نەۋرىسى، چېدىر ئىچىدە ئۇرۇشنى تاماشا قىلىپ ئولتۇرالمايمەن" دېگىنىچە ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئۇرۇشقا كىرىپ كەتتى..

ياۋۇز سۇلتان سەلىمنىڭ ھوزۇرىغا مەكتۇپ ئېلىپ كەلگەن، ۋەنەدىك ئەلچىسى ئانتونىيو يۇرتىغا قايتقىنىدا، ھەممىسى سۇلتان سەلىمنىڭ قانداق بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ.

ئەلچى تەمتىرىگەن ھالدا: "قىلىچى ئاجايىپ پارقىرايدىكەنكى، ئۇنىڭدىن قايتقان نۇردىن كۆزۈم قامىشىپ، سۇلتاننىڭ چىرايىنى كۆرەلمىدىم" دېگەنىكەن.

كېيىن بۇ گەپنى ئاڭلىغان سۇلتان: "پاشالىرىم، ئوسمانلىلارنىڭ قىلىچى پارقىراپلا تۇرىدىكەن، دۈشمەنلەرنىڭ بېشى ئېگىلىپ تۇرىدۇ، لېكىن ئاللاھ ساقلىسۇن، بۇ قىلىچ غىلىپىغا كىرىپ، داتلىشىشقا باشلايدىكەن، ئېگىلگەن باشلار ئاستا ئاستا كۆتۈرۈلۈپ بىزگە يۇقىرىدىن قارايدىغان بولىدۇ" دېگەنىكەن..

ياۋۇز سۇلتان سەلىمخاننى بۇنچە باتۇر ۋە جەسۇر قىلغىنى ئۇنىڭدىكى ساغلام ئىمان ۋە كۈچلۈك مەنىۋىيەت ئىدى. مىسىر سەپىرىدە، چىڭگىزخان ئۆتەلمەي قايتىپ كەتكەن قورقۇنچلۇق تىھ چۆلىدىن سەلىم خان ۋە قوشۇنى مۆجىزە يارىتىپ 13 كۈندىلا ئۆتۈپ بولغانىدى. بۇ ئەسنادا ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىدا ئېگىلىپ، پۈكۈلۈپ پىيادە كېتىۋاتقان سەلىمخانغا ۋەزىرلىرى يالۋۇرۇپ:

- سۇلتانىم، ئېتىڭىزغا مىنىۋالسىڭىز...

- قانداقمۇ مىنەلەيمەن، ئالدىمىزدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام يول باشلاپ مېڭىۋاتسا، دەپتۇ.

تارىخ ئاتا بىر پەس مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى، كالللىسىغا چاقماق تېزلىكىدە بۇنىڭغا يانداش ھادىسىلەر كېلىشكە باشلىدى ۋە ياۋۇز سۇلتان سەلىمنىڭ مەنىۋىيىتىگە ئائىت ۋەقەلەرنى ئەسلىدى..

قانۇنىينىڭ دۇنياغا كۆز ئاچقانلىق خەۋىرى سۇلتان سەلىمگە ئېيتىلغاندا، ئۇ بېرىلىپ قۇرئان ئوقۇۋاتاتتى، قۇرئاننى يېپىپ : "ئوغلۇمنىڭ ئىسمىنى سۇلايمان قويدۇم" دېدى، چۈنكى شۇ پەيتتە ئۇ تۆۋەندىكى ئايەتنى ئوقۇۋاتاتتى: "ئۇ يەنى بىلقىس ئېيتتى ئى ئۇلۇغلار! ماڭا ھەقىقەتەن سۇلايماندىن بىر پارچە قىممەتلىك خەت كەلدى" (نەمل سۈرىسى 30-ئايەت)



تارىخ ئاتا خىيال دېڭىزىدىن ئويغاندى، بۇ ئېسىگە كەلگەنلىرى يىگىتكە كىچىچە سۆزلەپ بېرىش ئۈچۈن شاھنىڭ ھوزۇرىدىن ئايرىلدى.

"رەھمەتلىك سۇلتان سەلىم بەك ئاز ئۇخلايتى، كېچىلىرى كىتاب ئوقۇش ۋە قۇرئان ئوقۇش بىلەن مەشغۇل بولاتتى" دېگىنىچە يىگىتنى باشلاپ قانۇنىينىڭ ھوزۇرىغا يۈرۈپ كەتتى.

# قانۇنى سۇلتان سۇلايمانخاننى زىيارەت قىلىش

سۇلتان سۇلايمان ئۇيۇقتا قارىغىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى، ئاق دېڭىزدىن ئاڭلانغان زەمبىرەك ئاۋازلىرى ھېلىھەم قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلايتتى. تۇيۇقسىز كىرىپ كەلگەن تارىخ ئاتا ۋە ياش يىگىتنى كۆرۈپ سۆزىنى باشلىدى:

”مەن ئۈچ قىتئەدە ھەق ۋە ئادالەتنىڭ سىمۋولى بولدۇم، ئاتقا مىنىپ تاكى گېرمانىيەگىچە باردىم، ھازىرمۇ بارىدىغانلار بار، ھەم قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن تېخىمۇ ئاسانلا بارىدىغان بولۇپ كەتتى...

ئەمما بېرىشتىكى مەقسەتچۇ؟ ئەجبا ھەممىمىزنىڭ ئوخشاشمۇ؟

ئوغلۇم! پەرۋەزە دېڭىز ئۇرۇشىدىن كېيىن، بارباروس لىق ئەسىر بىلەن تولغان دۈشمەن كېمىسىنى ئالدىغا سېلىپ قولتۇقتا كىرىپ كەلدى، مەنمۇ شۇ دەۋرنىڭ ئەربابلىرى بىلەن سارايبۇرنۇدىكى ساھىلدا بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ



تۇرىۋاتاتتىم، كېمە ئەترىتىمىز ماگا سالام بېرەتتى، خەلق ساھىلدا چۇرقىرىشىپ باربارۇس خەيرىددىن پاشانىڭ بۇ غەلىبىسىنى تەبرىكلەۋاتاتتى. يېنىمدىكى پاشالاردىن بىرسى:

- مۆھتەرەم سۇلتانىم، سەلتەنەت دەۋرىڭىزدە بۇنداق زور ئۇتۇقلار مۇيەسسەر بولغىنىڭىز ئۈچۈن قانچىلىك پەخىرلەنسىڭىز ئازلىق قىلىدۇ، ئەجەبا تارىخ بېتىگە بۇنداق غايەت زور زەپەردىن قانچىسى خاتىرلەنگەن؟ - دېدى.

شۇ چاغدا ئالالاھنىڭ ئىلتىپاتى ۋە كارامىتى بىلەن، قەلبىم ۋە ئىرادەمنى ھېچ تەۋرەتمەستىن شۇنداق جاۋاب بەردىم:

- پەخىرلىنەمدىم ياكى شۈكۈر ئېيتامدىم پاشا، غەلىبىنى بىزگە كىم مۇيەسسەر قىلدى؟“

مەنچە ئۇزۇنغا سوزۇلغان سەلتەنىتىم جەريانىدا، قازانغان ئۇتۇقلىرىمنىڭ ئەڭ چوڭى، شۇ ئىككى جۈملىلىك جاۋاب بىلەن نەپسىمنى يېڭەلىگىنىمدۇر.“

شۇ سۆزلىرىدىن كېيىن قانۇنى سۇلتان سۇلايمان ئورنىدىن تۇردى.

تارىخ ئاتا ۋە ياش يىگىت بۇ يەردىن مەنىۋى ماغدۇر تولپلاپ، ئۇ سەلتەنەتلىك سۇلتانىنىڭ ئارقىسىدىكى جىن ۋە ئىنسانلارنىڭ مۇپتىسى دەپ ئاتالغان شەيخۇل ئىسلام ئەبۇ سۇئۇد ئەپەندىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى.

# ئەبۇ سۇئۇد ئەپەندىنى زىيارەت قىلىش

بۈيۈك ئالىم، مۇتەپەككۇر ئەبۇ سۇئۇد ئەپەندى ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەن تارىخ ئاتا ۋە يىگىتنى قىزغىن كۈتىۋېلىپ، ئەسلىمىسىنى ئۇلار بىلەن ئورتاقلاشتى:

بىركۈنى قانۇنى سۇلتان سۇلايمان ھەزرەتلىرى، ئوردىنىڭ ھويلىسىدىكى ئامۇت دەرىخىنى قۇرتىۋېتىپ بارغان چۈمۈلىلەرنى ئۆلتۈرسە بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقى ھەققىدە پەتىۋا سوراپ:

دەرەخلەرگە زىيان سالسا چۈمۈلە؟
گۇناھمىدۇر ئەجىبا ئۇنى ئۆلتۈرسە.

پادىشاھنىڭ بۇ قوشىقىغا مەنمۇ قوشاق بىلەن جاۋاب بەردىم:

ئاللاھ يېنىغا بارساق تۆت كۈندە،
شۇ چاغدا ھېسابىنى ئالار چۈمۈلە.

شۇنداق قىلىپ بۇ پادىشاھ بىر چۈمۈلىگە ئازار بېرىشتىنمۇ ساقلىنىپ ئادالەت ۋە شەپقەت بىلەن يۇرت سورىدى.



”ئوغلۇم، دەۋرىمىزدە يوقىلىۋاتقان، ئەخلاق، نازاكەت، سەزگۈرلۈك قاتارلىق مۇھىم ئەڭگۈشتەرلەرنى قايتىدىن قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. بولمىسا ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى يۈكسەكلىكلەرنى قولغا كەلتۈرسەڭلەرمۇ، خام ۋە ئاقساق ھالەتتە بولۇپ قالىسىلەر. ۋەقە-ھادىسىلەرنى مۇشۇنداق نازۇك ۋە چوڭقۇر نۇقتىئىنەزەر بىلەن تەھلىل قىلمىغاندا ئۈستىمىزدىكى ئىمان نېمىتىنىڭ ھالاۋىتىنى تېتىيالمايمىز.“

تارىخ ئاتىنىڭ پىشىدىن ئايرىلمايۋاتقان يىگىت، شاھىد بولىۋاتقان ئىبرەتلىك مەنزىرىلەر، ئىشارەتلىك دەرسلەر، ھېكمەت تولغان تەۋسىيەلەرنى ماھىيىتىدىن چۈشىنىش ۋە ھەزىم قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنى قايتىدىن تونۇپ چىقىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلىۋاتاتتى. بېشىدىن كەچۈرىۋاتقان بۇ ئىشلارنىڭ ھاياجىنى ۋە بەرگەن بېسىمى تۈپەيلىدىن بېشى قېيىپ، يۈرىكى سېلىپ كېتىۋاتاتتى. تارىخ ئاتا يىگىتكە قاراپ:

”بالام! بۇ زىيارەتلىرىمىزدە ئەجدادىڭدىن ئالغان ئاگاھلاندۇرۇش ۋە تەلىم دەرسلىرىنى ياخشى ھەزىم قىلىشىڭ كېرەك. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى نۇرغۇن كىشىلەر ئۈچۈن يېشىلمەس بىر سىردۇر، لېكىن ساڭا ئاشكارىلاندى. ئۇلارنى ياخشى تەپەككۇر قىل ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈز، بۇ ئىنسان ئۈچۈن تولىمۇ ئېغىر يۈكتۇر، بىلىپ تۇرىۋاتىمەن، سەنمۇ بۇ يۈكنىڭ ئاستىدا قېلىپ قىينىلىۋاتىسەن.

بالام، يەنە بىر سەپىرىمىزدە ئىزىدا توختاپ قېلىش ۋە چۆكۈش دەۋرىگە بارىمىز. بۇ دەۋردە ئۆزى قەلئەسىنى قولدىن چىقىرىپ قويغىنىغا ئازابلىنىپ قىسقا مۇددەت ئىچىدە ۋاپات بولغان سۇلتان I.ئابدۇلھەمىدخاننىڭ ئەھۋالى بىلەن تونىشىمىز، ئەسكىرى قوشۇن ۋە گۇناھسىز خەلق پارچىلىنىپ كەتتى دەپ سۇلتانغا ئاھ چەككۈزۈپ، ھاياتىغا زامىن بولغان ئۇ ئىماننىڭ ھالى نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق. بۇ ئىبرەتلەردىن كېيىن چاناققەلئەگە بارىمىز، ئىستىقلال جېڭىنىڭ قەھرىمانى بىلەن كۆرۈشىمىز...“



بۈگۈن I-ئەھمەدخان ۋە ئەزىز مەھمۇد ھۈدايى ھەزرەتلىرىنى يوقلاش بىلەن بۈگۈنلۈك سەپىرىمىزنى ئاخىرلاشتۇرايلى.

# I ـ ئەھمەد خان ۋە ئەزىز مەھمۇد ھۈدايى ھەزرەتلىرىنى زىيارەت قىلىش

ھوزۇرىغا كىرگەندە ئەھمەدخان يەنە پەيغەمبەر سۆيگۈسىنىڭ ھاياجىنى ئىچىدە ئىدى، خۇددى ئۆزى يازغان:

تاج كەبى بېشىمدا كۆتۈرسەم دائىم،
ئاياق ئىزىنى ئۇل ھەزرىتى شاھى رەسۇلىنىڭ.
گۈل گۈلزارى پەيغەمبەر ئۇ قەدەم ساھىبىدۇر،
ئەي ئەھمەت يۈزۈڭنى سۈرگۈن قەدىمگە ئۇ گۈلنىڭ.

شۇ مىسرالارنىڭ قايىنىمىدا ياشاۋاتقاندەك قىلاتتى، يېنىدا بەستلىك بىر كىشى بار ئىدى، ئۇ كىشىنىڭ كۆزلىرى دۇنياغا يۇمۇلغان، ئاخىرەتكە ئېچىلغان، ئۇيۇقتا سىغمايۋاتقان نەزىرى، ئايدىڭ بىر كېچىگە ئوخشاش باشقا بىر ئالەمدىن كۆلەڭگۈ تاشلاۋاتاتتى، بۇ زات ۋەلىلەر سەردارى ئەزىز مەھمۇد ھۈدايى ھەزرەتلىرى ئىدى. يۈزىدە تەبەسسۇم جىلۋىلەنگەنىدى خۇددى ئەتراپىنى پەرىشتىلەر ئورىۋالغاندەك، يېنىدىكى ئەھمەدخاننىڭ كۆزلىرىدىن باھار يوپۇرماقلىرىنىڭ ئۈستىدىكى شەبنەم تامچىسىدەك كۆز ياشلار سىرغىپ تۇراتتى.



سۇلتان ئەھمەدخان گەپ قىلمىدى، ئۇنىڭ بۇ سۈكۈتىدە مىڭبىر ھېكايە يوشۇرۇنغان ئىدى، لېكىن سىر ۋە ھېكمەتنى تېخى سۆزلەردىن ھېس قىلىشنى ئۆگىنىۋاتقان ياش يىگىتنى ئويلاپ، ئەزىز مەھمۇد ھۇدايى ھەزرەتلىرى سۆزلىرىنى باشلىدى:



”بالام! مېنىڭ غېرىپ، نامرات، تۇل، يېتىم، موھتاج ۋە ئىگە-چاقىسىز كىشىلەر ۋە شاگىرت يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن قۇرغان ساخاۋەت جەمئىيىتىمدە ھېلىمۇ خىزمەتلەر داۋاملىشىۋاتىدۇ، ھۇدايى ئۇۋىسىدىن ئۇچۇرۇم بولغان قۇشلار سامادا قانات قاقىدۇ، شۇنى بىلىشى كېرەككى، بىر قۇش ئۆز ئۇۋىسىدا تۇخۇملايدۇ ۋە ئۆز ئۇۋىسىدا باللىرىنى تۇخۇمدىن چىقىرىدۇ، بۇ قۇش باللىرىنىڭ يېتىلىپ ئۇچۇرما بولۇپ، باشقا يەرلەرگە چاڭگا تىزغۇسى كېلىدۇ، شۇڭا بىز ئۆز قوينىمىزدا يېتىشتۈرگەن قۇشلار، ئۇچۇپ بارغان يەرلىرىگە بۇ ئانا ماكانىنىڭ گۈزەللىكى، ئىللىقلىقىنى ئېلىپ بېرىشى ۋە بارغان يەرلىرىدە مۇشۇنىڭدەك شەپقەت ۋە مەرھەمەت تولغان ئۇۋىلارنى بەرپا قىلىشى كېرەك..

ئوغلۇم، ساخاۋەت جەمئىيىتىنىڭ ئەھمىيىتى چوڭ، پەيغەمبىرىمىز ۋە ساھابىلەرنىڭ قول ئىلكىدىكى يەرلەرنى جامائەت مۈلكى قىلىپ جەمئىيەتكە بېرىۋېتىشى بىزگە ناھايىتى ياخشى ئۈلگە بولالايدۇ. ئاللاھ يولىدا نەرسىلىرىنى جەمئىيەتكە ئىئانە قىلغانلارنىڭ ئەجرىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ داۋاملىشىدىغانلىقى ھەققىدىكى ھەدىس شېرىفلەر، مېھىر-مۇھەببەت ۋە شەپقەت مۇھىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولغان.

سائادەت دەۋرىدىن كۈنىمىزگىچە نۇرغۇن مۆمىن بەندىلىرىمىز بۇ يولنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ساخاۋەت جەمئىيىتى ۋە ساخاۋەت ئورۇنلىرى قۇردى، ياخشى ئىش قىلىش يولىدا ئىزچىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتىنى كۆزلىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ كۆيۈمچان قەلبلەر جېمى مەۋجۇداتنى ئىچىگە پاتۇرالايدىغان بىر دەرگاھ يەنى ئانىنىڭ قۇچىقى بولدى..

ئوغلۇم، ھۇدايىلەر تىنىمسىز يېتىشىپ تۇرىدۇ، شۇنى بىلگىنكى، سېنىڭ زامانىڭمۇ يېڭى ھۇدايىلەرگە موھتاج، لېكىن شۇ ئۇمىد شۇ غايە، ياخشى ئىش

قىلىش ئاشقى بىلەن يۈرەكلەر كۆيۈپ تۇرىشى كېرەك.

بىر زامانلاردا ئەجدادىمىز شۇنداق بىر ئارزۇغا مۇپتىلا بولغانكى، بۇ ئارزۇ ئۇلارنى ھىندى ئوكيانىدا يەلكەن ئاچقۇزدى، بۇ ئارزۇ تارىغان ھاياجانلىق ئاشىق شاملى ئۈچ قىتئەدە بىرلا ۋاقىتتا چىقىپ كاۋكاز تاغ تىزمىلىرىنى قاپلىدى، بالقانلارنى قۇچاقلىدى، ئىستانبۇلنى فەتھە قىلدۇرغانمۇ بۇ ئارزۇ ئىدى. يەنە مۇشۇ ئارزۇ بىلەن ئەجدادىڭ جاھانغا 600 يىل ئادالەت تارقاتتى، مۇشۇ سەۋدا بىلەن مۇبارەك زېمىنلارغا ئىلىم ئۇرۇقى چاچتى، ئەجىبا بۇ قانداق سەۋدا؟

بۇ سەۋدا ئاللاھ مۇھەببىتى بىلەن يۇغۇرۇلغان قەلبلەرنىڭ ھايات كۈمىلچى ئىدى. بۇ غايە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشكەن ئاشىق كۆڭۈللەرنىڭ ئارىسىدىن ئورۇن ئېلىش ئىدى؛ بۇ غايە پۈتۈن خەلق يۈكسىلىپ ئۈيۈقنى قاپلاش ۋە ئادالەت ئۇرۇقىنى چېچىش ئىدى؛ بۇ ئارزۇ ئادىمىيلىك ئارزۇسى ئىدى؛ بۇ ئارزۇ مەڭگۈلۈك سائادەتكە ئېرىشىش ئارزۇسى ئىدى؛ بۇ سەۋەپتىن ئەجدادىمىز بۇ ئارزۇ كۈمىلچى بىلەن ھەر ساھەدە بىر پائالىيەت، ساناقسىز زەپەر، ماددى ۋە مەنىۋى مۇۋاپىقىيەت بىلەن دۇنياۋى دۆلەت بولالىدى. دۈشمەنلىرى ئويلاپمۇ يېتەلمەيدىغان، پىكىر، ئىلىم، سەنئەت، ئەخلاق ئۆرنەكلىرىنى ئۆزىدە نامايەن قىلدى.

بۇ بەرىكەتلەرگە شۈكۈرلەر بولسۇنكى، بىزدە روھانىيەتنىڭ ھوزۇرى ئارىدىن



400 يىل ئۆتسىمۇ يەنىلا داۋاملىشىۋاتىدۇ، ئاللاھ خالىسا سىلەرنىڭ تىرىشچانلىقىڭلار بىلەن قىيامەتكىچە داۋاملىشار. چۈنكى ئادەمنىڭ ئەسلى يارىتىلىش مەقسىتىگە يېتىشى ئۈچۈن، پىشىپ يېتىلىشى كېرەك.

بۈگۈن بۇ ھەقىقەتتىن مەھرۇم بولغانلار، يەنى مىللىي ۋە مەنىۋى كۈچىنى يوقىتىپ قويغان ياشلار، 20 يېشىدا دۇنيادىن كېتىپ، 70 يېشىدا كۆمۈلمەكتە..

شۇنى ئەستىن چىقارمىغىنكى، قورقۇنچاقلاردىن ھېچنىمىنى كۈتكىلى بولمايدۇ، ئىنسانىنى تاۋلايدىغىنى ئازاب-ئوقۇبەت ۋە دەرتلەردۇر. تۇپراق ئىنسانىنىڭ چەككەن ئازابىنى تارتماي تۇرۇپ باھار ۋەسلىگە يېتەلمەيدۇ.

ئانا، بالىسىنى 9 ئاي قىينىلىپ كۆتۈرمەستىن تۇغالمايدۇ.

بالام، تۇپراق يامغۇر تولغان باھار بۇلۇتلىرىنى تەشنا بولۇپ كۈتكەندەك، سىلەرمۇ ئىستىقباللىڭلارنى باھارغا ئايلاندۇرىدىغان بەرىكەت بۇلۇتلىرىنىڭ ئىشتىياقى ئىچىدە بولۇشۇڭلار كېرەك.

ئوغلۇم، شۇنى كېسىپ ئېيتالايمەنكى، مىللىي ۋە مەنىۋى قەھرىمانلار ئەسلا ئۆلمەيدىكەن، ئۇلار قالدۇرغان مۇقەددەس ئىزلار ئەسلا ئۆچۈپ قالمايدىكەن. ئۇلار باغلانغان شۇ يىلتىزنىڭ ئاستىدىكى بۇلاقتىن دائىما ئۇزۇق ئېلىپ ئەتراپىنى گۈلىستانغا ئايلاندۇرىدىكەن، يەنى مىللەت ۋە ۋەتەنگە قىلغان ياخشىلىقلىرى ئەسلا ئۇنتۇلۇپ قالماي ئۇلارنىڭ شەنىنى يۈكسەلتىپ تۇرىدىكەن.

سەنمۇ توغرا يولدا ماڭ، ماڭغۇچە شۇنى ئۇنتۇپ قالمىغىنكى، سەن پۈتۈن قىلغانلىرىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا ئەڭ قىممەتلىك خىزمەت ئەھلى شەرىپىگە نائىل بولالايسەن."

ھۇدايى ھەزرەتلىرىنىڭ يەنە ئاللىنېملەرنىدۇر سۆزلىگۈسى بار ئىدى، لېكىن سابا مەقامىدا توۋلانغان ئەزاننىڭ دىللارنى تىترەتكۈچى ئاۋازى يىگىتنىڭ ھوجرىسىغا كىرىۋىدى، يىگىت ئۇزۇن چۈشىدىن ئويغاندى.

باشقىچە بىر روھى ھالەت بىلەن ئويغانغان يىگىت، ئۆز-ئۆزىگە:

"بۈگۈن ھەقىقەتەن باشقىچە بىر سەھەر بولدى" دېدى ۋە دېرىزىدىن ساماغا باققىنىچە مۇنداق دۇئا قىلدى:

"ئاللاھىم، بىزنى ئەجدادىمىزدەك ئەزىز قىل، ئىنىرگىيەمىزنى، ئىمان، ئىرپان، پەزىلەت، ۋەتەن ۋە مىللەتكە خىزمەت قىلىشقا سەرپ قىلىشقا نېسىپ قىل!"

ئامىين!...

# ئۆچمەس ئىزلار

چۈشىدە تارىخ ئاتا بىلەن بىرگە شانلىق تارىخ سەھنىسىگە سەپەر قىلغان يىگىت، ئەنە شۇ كۈندىن بېرى باشقىچە بىر روھىي ھالەت ۋە ھوزۇر ئىچىدە ئىدى، چۈشىدە كۆرگەن ئۇ مۇبارەك ئەجدادىنىڭ سىماسى ۋە چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلىرى كۆڭلىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغانىدى. كۆز ئالدىدا ئۇلارنىڭ سىماسى، قەلبىدە بولسا ئۇ مۇبارەك زاتلارنىڭ قەبرىسىنى بىر-بىرلەپ زىيارەت قىلدى. تۇرۇپلا تارىخقا تېخىمۇ قىزىقىپ قالدى ۋە ئۇ مۇھتەشەم تارىخقا مۇناسىۋەتلىك قولىيازما كىتابلارنى ئوقۇشقا كىرىشتى، ئوقۇغانسىرى چۈشىدە كۆرگەنلىرى تېخىمۇ جانلىنىشقا باشلىدى.

لېكىن؟

# زاۋاللىق دەۋرىدىكى ئىبرەتلەر

قۇرلار لالە دەۋرىگە كەلگەندە، يەنى ئاللاھ يولىدا خىزمەت قىلىش ۋە تىرىشىشنىڭ ئورنىنى نەپسانىيەت ئىگىلىۋالغان دەۋرنى ئوقۇۋاتقاندا يىگىتنىڭ قەلبى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئازابلاندى. شۇنچە كۆپ تارىخى مىراسنىڭ قانداق خانىۋەيران ۋە تالان-تاراج قىلىنغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلگەندە يۈرىكى مۇجۇلدى، شۇ جۈمللەر باغرىنى قان قىلدى:

**”دۆلەتنى يۈكسەلتكەن مەنىۋى كۈچ يوقاپ، دۇنياۋى پۈچەك بەسلىششلەر ۋە نەپسنى مەيلىگە قويۇپ بېرىش نەتىجىسىدە فەتىھ روھى زېدىلەندى، شۇنداق قىلىپ، ماددى ۋە مەنىۋى كۈچىمىزمۇ يوقالدى. كۆز يەتكۈسىز زىمىن، قوغدىلىنماي تاشلىنىپ قالدى، شۇنچە كۈچلۈك ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ چىرىتىشىگە ئۇچرىدى. ئۇلارنىڭ تەسىرىدە روھىي پەزىلەتلەر ئاجىزلىشىپ نەپسانى خاھىشلار ئاساسى ئورۇنغا چىقتى. ھەتتاكى بىر باغلام پىيازنىڭ 1000 ئالتۇنغا سېتىلغان چاغلىرى بولدى، شۇنداق قىلىپ ھەشەمەتلىك بىر دۆلەتنىڭ تەقدىرى ئۆزگەردى، شۆھرەت قوغلىشىش نەتىجىسىدە ئىسراپچىلىق كۆپەيدى. غەرب دۆلەتلىرى بىلەن ئىلىم-ئىرپان، تېخنىكا ۋە تەرەققىيات كۈچىدە ئەمەس ھەشەمەتچىلىكتە بەسلىشىش باشلاندى. توپكاپى سارىيىدىن باشقا پادىشاھ سارايلىرىنىڭ ھەممىسى ئوسمانلىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىنىڭ سارايلىرىدۇر.“**

يىگىت، بۇ ھەقىقەتلەر ئالدىدا تولىمۇ پەرىشان بولدى، كۆڭلىرى تولىمۇ ئازابلىق ئۆتۈشكە باشلىدى، ئىزتىراپ چېكىپ:

”ئاھ تارىخ ئاتا! سىز مېنى بۇ ئازابلارنى كۆرسۇن دەپ پەيدا قىلغان بولغىيمىدىڭىز؟“ دېدى.

ئاندىن يەنە سوئالغا ئۆزى جاۋاب بېرىپ: ”ياق! تارىخ ئاتىنىڭ قىلغىنى، مەن ھېس قىلمىغان ھەقىقەتلەرنى ماڭا كۆرسىتىپ خاتا يولغا كىرىپ قالماسلىقىمنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يەنى ئۆتمۈشتىن ئىبرەت ئېلىشىم ئۈچۈن“ دېدى.

يىگىت بۈرۈن ئوقۇغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەتراپىدىكىلەرگە سۆزلەپ بېرەتتى، لېكىن بۇ قېتىم، ئوقۇغان، ھېس قىلغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىشتىن خىجىل بولدى.

# ئىككىنچى چۈش ۋە تارىخ ئاتىنىڭ سۆزلىرى

يىگىت بىركۈنى كۆڭلى يېرىم بولغان ھالەتتە ياستۇققا بېشىنى قويدى، خېلىغىچە ئۇخلىيالمىدى، بىر چاغلاردا مۈگىدىگەندەك بولدى، تارىخ ئاتا كەسكىن نەزەرلىرى بىلەن يەنە ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى، يىگىت بىرپەس ھودۇقتى، تارىخ ئاتا سۆزىنى باشلىدى:

"قارا ئوغلۇم، دۆلەتلەرمۇ تۇغۇلىدۇ، چوڭ بولىدۇ، ئۆلىدۇ، بۇ بىر تەقدىر، مۇھىمى ئىبرەت ئېلىش ۋە ئۇنىڭدىن ھېكمەت چىقىرىشتۇر. سېنىڭ ھېس قىلغىنىڭغا ئوخشاش، قەبىلەردىكى نىيەت ۋە غايىلەر نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، راھەت دەرىخى ئاستىدا رەھمەت خەزىنىلىرىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. قىسقىسى، دۆلەتلەر قەبىلە ھالەتتە مەيدانغا كېلىپ، تەدرىجى تەرەققى قىلىپ دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىدۇ.



يەنىمۇ تەرەققى قىلىپ ئىمپېراتورلۇق بولىدۇ، خەلقى ۋە رەھبەرلىرى بىلەن ئىسلامى تەربىيە ئاساسىدا، توغرا يولدا ماڭغان دۆلەتلەر ئىخلاسىنىڭ پايدىسىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئۇزۇن ياشايدۇ. لېكىن ئارتۇقچىلىقىنى بىرلا يوقىتىدىكەن شۇ زاماندىن باشلاپ چۆكۈشكە، زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ تارىخ سەھنىسىدىن ئۆچۈشكە باشلايدۇ-دە، يىگىلىرى كۆز ئېچىشقا باشلايدۇ، ئۇلارمۇ ئۆزلىرىگە يارىشا ھاياتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، بۇ تارىخنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان داۋاملاشقان قائىدىسى.

چۈنكى بۇ ئالەمدە يوقالمايدىغان نەرسە يوق، ئۆرلەشنىڭ تۆۋەنلىشىمۇ بار..

بۇ تۆۋەنلەشنىڭ يەنە ئۆرلىشى بولىدۇ، بۇ ھەقىقەتكە پەقەتلا تۆۋەنلەش نۇقتىسىدىن نەزەر سالغانلار، ساڭا ئوخشاش، ئازاب ۋە دەرتكە مۇپتىلا بولىدۇ، ئەكسىچە، ئۆرلەش نوقتىسىدىن نەزەر سالغانلارمۇ ھەددىن زىيادە پەخىرلىنىش، كىبىرلىنىش ھېسسىياتىدا بولىدۇ.

تەقدىرگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئىلاھى كۈنتەرتىپكە ھېكمەت نەزىرى بىلەن قارىغانلار بەك پەخىرلەنمەي بەك پەرىشان بولماي، نورمال مۇئامىلە قىلىدۇ،

ۋەقەلەرنىڭ ئارقىسىدىكى ئىلاھى ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭ ھوزۇرى ۋە سۈكۈناتىغا ئېرىشىدۇ؛ ئۆزلىرىگە چۈشكەن ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇنلاشقا تىرىشىدۇ، تارىختىكى نۇرغۇن ۋەقەلەر، ئېگىز-پەسلىكلەر، يۈرەك سوقۇش رىتىمىدەك يۇقىرى-تۆۋەن چىقىش-چۈشۈشلەرنىڭ، ئۆتمۈشتىن ئىبرەت ئېلىنمىغانلىقى ئۈچۈن تەكرارلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ. بوۋاڭ مەھمەد ئاكىف ئەرسوي بۇ ھەقىقەتنى نېمىدېگەن گۈزەل ئىپادىلىگەن:

تارىخنى تەكرارلىنار دەپ تەبىر بېرىدۇ،

ئىبرەت ئېلىنسا ئۇ تارىخ تەكرارلىنامدۇ؟

ئەسلىدە تارىخنىڭ تەكرارلىنىش قائىدىسى، تەپەككۇر ئېگىلىرى ئۈچۈن بىر بۇيۇك نېمەتتۇر. يېتىشكەن ئادەملەر، بۇ تارىخنى نەزەرگە ئېلىپ تارىخنىڭ شانلىق دەۋرلىرىنى تەكرارلىتىشقا تىرىشىدۇ، چۆكۈش، بۇزۇلۇش دەۋرلىرىدىن ئىبرەت ئېلىپ، ئۇنىڭ قايتا تەكرارلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. بۇنىڭ سايىسىدا ئىمان ھوزۇرى بىلەن ئىستىقبالغا ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا يول ئاچىدۇ.“

تارىخ ئاتا سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئېغىر ئۇھسىنىپ:

” كەل بالام، ئۆتكەن قېتىملىق سەپىرىمىزدە بارمىغان يەرلەرگە بېرىپ كېلەيلى، ھېكمەت ۋە ئىبرەت، ھەممىنى بىلىپ قارلارسەن!“

ئۇلار ئاۋال II-مەھمۇدخاننىڭ ھوزۇرىغا قاراپ يول ئالدى.



# II ـ مەھمۇدخاننى زىيارەت قىلىش

II ـ مەھمۇدخان، پەرىشان ئىدى. كۆزلىرىدە تىبخى قورۇشقا ئۈلگۈرمىگەن ياش تامچىلىرى يالتىراپ تۇراتتى.

جۇغى كىچىك، ياداڭغۇ، ئاجىز ئىدى، ھوزۇرىغا كەلگەن يىگىتكە بېشىنى ئاستا بۇراپ:

"بالام! ھەرمەدىكى ۋەقىلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە مېنىڭ مۇھىم بار، پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بولغان مۇھەببىتىم بىلەن ئۇ مۇبارەك يەرلەردە گۈزەل خىزمەتلەر قىلدىم.

لېكىن غەربنىڭ ۋە غاپىل، مەنپەئەتپەرەس ئۇردا ئەمەلدارلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىم تۈپەيلى خەلق مېنى "دىنسىز پادىشاھ" دەپ ئاتىدى. بۇنى ئاڭلاپ ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك بولدۇم، مېنىڭ ھاياتىم سىلەرگە مىسال ۋە ئىبرەت بولسۇن، مەن خاتا سىياسەت يۈرگۈزۈپ، شۇنچىۋالا سەلتەنەتلىك بىر مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە سەۋەبچى بولدۇم، ئەسلىدە بۇنداق بولار دەپ ئويلىمىغانىدىم، غەربكە چوقۇنۇپ، قارىغۇلارچە ئۇلارنى تەقلىد قىلىش، ئۆزۈمگە ۋە خەلقىمگە ئىپلاسلىق قىلىش ئىدى. ئىلمى ۋە روھىي ئۆزگىرىش ياساش ئورنىغا شەكلى ۋە نەپسانى بىر چىگرىنىڭ ئىچىگە كىردىم، ھاياتىمنىڭ ئاخىرى، بۇ گۇناھىم سەۋەبىدىن ھەسرەت نادامەت مېۋىلىرىنى يېيىش بىلەن ئۆتتى، گۇناھىمنى تونۇپ:

"مېنى بىر مەسچىتكە ئېلىپ بېرىڭلار، ئاخىرقى نەپەسلىرىمنى ئاللاھنىڭ يولىدا ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزەي دېدىم.

بالام، مېنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقىمدىن ۋە كېلىپ چىققان ئاقىۋەتلەردىن ئىبرەت ئېلىڭلار، ئۆزلۈكۈڭلار، كىملىكىڭلار ۋە ئەخلاقىڭلارنى يوقىتىپ قويماڭلار!"

سۇلتان كۆپ سۆزلەشنى خالىمىغانلىقتىن، ئورنىدىن تۇردى، كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشنى كۆرسىتىشنى خالىماي ئارقىسىنى قىلدى. تارىخ ئاتا ۋە يىگىت ئۇنىڭ ھوزۇرىدىن ئايرىلىپ، ئۇنىڭ ئوغلى شېھىد سۇلتان ئابدۇلئەزىز خاننىڭ يېنىغا قاراپ راۋان بولدى.



# ئابدۇلئەزىزخاننى زىيارەت قىلىش

ئابدۇلئەزىزخان ئاتىسىغا سېلىشتۇرغاندا قەۋەتلا بەستلىك ئىدى. بوي ئېگىزلىكىمۇ ئىككى مېترغا يېقىن بولۇپ، ئەجداتلىرىدىن ياۋۇز سۇلتان سەلىم خاننى ئەسلىتەتتى. ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتى دەل شېھىد قىلىنغاندىكى ھالەت ئىدى، ئالدىدىكى كىچىك شىرەدە سۈرە يۈسۈپ ئېچىغلىق، قۇرئاننىڭ بەتلىرىگە قان چاچرىغان، ئەمما سۇلتان ئابدۇلئەزىزخان شېھىدلىك شەرىپىگە نائىل بولۇپ كۈلۈمسىرىگەن ھالەتتە ئىدى، ھوزۇرىغا كىرگەن يىگىتكە سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن، سۆزىنى باشلىدى:



"ئوغلۇم! مېنىڭ دەۋرىمدە ئوسمانلىنى يۇقىتىش نىيىتىدە بولغانلار، بىزگە كېسەللىك تامغىسى بېسىشقا ئۇرۇندى، مەن بۇ تامغىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاشقا مۇيەسسەر بولدۇم، كۈچلۈك دېڭىز ئارمىيىسى قۇردۇم، قوشۇنىمىز، ئىنگلىزلارنىڭ قوشۇنىنى ھىندى ئوكياننىڭ نېرىسىغا ئۆتكۈزمىدى. غەربلىكلەر كېمىلىرىنى بىزنىڭ كېمىسازلىق ئورۇنلىرىمىزدا رېمونت قىلدۇرىدىغان بولدى، شۇنداق قىلىپ، تانزىمات يەنى غەربلەشتۈرۈش ئىسلاھات ھەرىكىتى بىلەن باشلانغان قورقۇنچاقلىققا خاتىمە بېرىپ، مىللىتىمىزنىڭ قەددىنى قايتا

رۇسلىشىنىڭ باشلامچىسى بولدۇم. فرانسىيەگە بارسام مارسېلدىن پارىژغىچە خۇشاللىق ياڭرىدى، قىزغىن قارشى ئېلىندىم، بۇ زىيارىتىم فرانسىيە ئۈچۈن شەرەپ ئېلىپ كەلدى. مىسىرغا بارغىنىمدا، ئىلگىرى ئاتامنى مەغلۇپ قىلغان مىسىر ۋالىسى ئېتىمنىڭ ئۈزەڭگىسىدىن يېتىلىگۈدەك بولدى.

پائالىيەتلىرىمنىڭ مەقسىتى، غەربلىشىش ئىسلاھاتى بىلەن تەڭ باشلانغان، تەرەققىيات قالپىقى ئاستىدىكى، ئاتالمىش ئەخلاقى، مىللى ۋە مەدەنىي تەرەققىياتنى توختىتىش، ئۆزگەرتىش، ئۆزىمىزگە خاس دىنى ۋە مىللى ئەنئەنىمىزنى تىرىلدۈرۈش ئىدى.

مىللى مەدەنىيىتىمىزنى قوغداپ، تەرەققى قىلدۇرمىغىچە، غەربتىن پەقەت تېخنىكا جەھەتتىن پايدىلانمىغىچە پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىمىزنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىم ۋە پۈتۈن كۈچۈمنى مۇشۇ يولغا سەرپ قىلدىم، ئەتراپىمدىكى دۆلەت ئەربابلىرىغا :

**”سىلەر بىلەن ئارامدىكى پەرق شۇدۇركى، سىلەر ياۋرۇپا ئىستىگەن ئۆزگىرىشنى تاماملىساق، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلساق، قانۇن ۋە يۈرۈش-تۇرۇشىمىزدا ئۇلارنى تەقلىد قىلساق، ئۇلار بىزنى ھىمايە قىلىدۇ دەپ قارايسىلەر، مەن دەيمەنكى، كۈچلۈك بىر قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز ئارمىيىسىگە ئىگە بولساق، روسلارنى مەغلۇپ قىلساقلا يەنە 50 يىل گەپ يوق سەلتەنەت سۈرەلەيمىز“**

ئوغلۇم، ئەنە ئاشۇنداق قىلىپ، مەن بۇ يولدا شاھادەت شەربىتى ئىچتىم، ھازىرقى مال ۋە ئورۇنغا ئېرىششىمنىڭ بىرلا سەۋەبى سەلتەنەت ھوزۇرىدىن مەست بولۇپ كىبىرلەنمەي، دۇرۇست ۋە دىندار ھالەتتە ياشىغىنىمدۇر. ھاياتىمدا دائىملا سۈنىڭ ئورنىغا زەمزەم ئىچتىم، ھەتتا ياۋروپاغا زىيارەتكە بارغىنىمدا، تاھارەتكە ئىشلىتىدىغان سۈنى ئۆزۈم ئېلىپ باردىم، نامىزىمنى ۋاقتىدا ئوقۇپ، دائىم قۇرئان ئوقۇدۇم. كۆڭلۈم ھەزرىتى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇھەببىتى بىلەن تولدى، شۇ سەۋەب مەدىنە مۇنەۋۋەرە ئاھالىسىگە ئىزچىل ھۆرمەت كۆرسەتتىم. بىر كۈنى ئاغرىپ ھالسىز ياتقىنىمدا ماڭا:

”مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىن بىر مەكتۇپ بار“ دېيىلدى، بۇنى ئاڭلاپ دەرھال:

”مېنى تىزدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قويۇڭلار، ھەرەمدىن كەلگەن مەكتۇپنى ئۆرە



تۇرۇپ ئاڭلاي، رەسۇلۇللاھنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ مەكتۇبىنى بۇنداق يېتىپ ئاڭلىسام ئەدەپسىزلىك بولىدۇ“ دېدىم. مۇشۇنداق قىلىپ مەدىنە ۋە پەيغەمبىرىمىزگە بولغان ھۆرمىتىمنى تۇرمۇشۇمغا ئادەت قىلىپ تۇردۇم.

ھەرقېتىم مەدىنىدىن مەكتۇپ كەلگىنىدە تاھارەت ئېلىپ، مەدىنىنىڭ توپىلىرىنىڭ ھىدىنى پۇراپ، سۆيۈپ، كۆزۈمگە سۈركەپ بولغاندىن كېيىن، كاتىپنىڭ ئوقۇشىغا سۇناتتىم، ھازىر بۇ ھۆرمەت ۋە ئەدەپنىڭ بەرىكىتى بىلەن روھىم شاتلىق ئىچىدە.“

بۇ سۆزلىرى بىلەن يىگىتنىڭ كۆڭلى ئىقلىمىغا ئۆزگىچە بىر ئۇيۇق ئاچقان سۇلتان ئابدۇلئەزىزخان سىر ۋە ھېكمەتلەرنى ئۇنى چۈشىنىشكە قادىر بىر ئىشەنچلىك كىشىگە ئامانەت قىلىشنىڭ مەمنۇنىيىتى بىلەن سۆھبەتنىڭ تۈگىگەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى.

يىگىت، شېھىد سۇلتان ئابدۇلئەزىزخاندىن بەك تەسىرلەندى. تارىخ ئاتىغا ئىلتىجا نەزىرىدە قاراپ، بۇ قەھرىمان سۇلتان ھەققىدە ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئىككى كەلىمە تىڭشىغۇسى بارلىقىنى ئىپادىلىدى.

تارىخ ئاتا دېڭىزچىلىقنى ئالاھىدە ياخشى كۆرىدىغان مەرھۇم سۇلتان ئابدۇلئەزىزخاننىڭ، دېڭىز بوغىزىدا تەسىس قىلغان كېمىسازلىق ئورنىدا ياسالغان كېملەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ لايىھە قۇرۇلمىسىنى ئۆزىنىڭ سىزغانلىقىنى، ھايات ۋاقتىدا: "دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ بەختەرلىكى بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئاغزىمدا چىشىمىز قالمىدى" دېگەنلىكىنى، دۆلەت ئىچىدىكى بەزى مەسىلىلەردىن پەرىشان بولۇپ، ئاغرىپ يېتىپ قېلىپ، ئورنىدا چىقمىغانلىقىنى، ئاش-تاماق يېمىگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

بۇلارنى ئاڭلاپ يىگىتنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن چەكچىيىپ كەتتى.

تارىخ ئاتا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

"سۇلتان ئابدۇلئەزىزخان مەرھۇمنىڭ، دۇنيا سىياسىتى ۋە ئۆز دۆلىتىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرىنىڭ يەنە بىرى، ھەربىي قوشۇنىنىڭ ھەرىكىتىگە قولاي بولىشى ئۈچۈن تۆمۈر يولى ياسىتىشىدۇر.

يەنى ئابدۇلئەزىزخان، ئابدۇلھەمىدخاننىڭ تۆمۈريول قۇرۇلۇش سىياسىتىگە تۈنجى بولۇپ ئەمەلىي ئاۋاز قوشقۇچى ھېسابلىنىدۇ. سۇلتان ئابدۇلئەزىزخان يەنە بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، دۇنيادا بولۇۋاتقان ئىشلاردىن ئەڭ تېز سۈرئەتتە خەۋەردار بولۇش ئۈچۈن تېلېگراف تورى بەرپا قىلدى.."

## قانۇن چىقىرىش تەشكىلاتى

تارىخ ئاتا، سۇلتان ئابدۇلئەزىزخاننىڭ زامانىدا، جەۋدەت پاشا رەھبەرلىكىدە "دىۋانى ئەھكامى ئەدلىيە" ئىسىملىك بىر ھەيئەت گۇرۇپپىسى تەشكىللىنىپ "مەجەللە ئەھكامى ئەدلىيە" نامىلىق قانۇن ئەھكاملىرى قامۇسى تۈزۈپ چىقىلدى. فرانسۇزلارنىڭ مەدەنىي قانۇنىنى شۇ پېتى كۆچۈرۈپ ئېلىشتىن ساقلىنىلدى، شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، فرانسۇز ئىلىم ئاكادېمىيىسىنىڭ ئەزالىرى ئەھمەت جەۋدەت پاشانىڭ بۇ مۇۋاپىقىيىتىنى ئالتۇن بىلەن تەبرىكلىدى.

يىگىت بۇلارنى ئاڭلاپ، بەكلا ھەيران قالدى، بۈيۈك ئالىم ئەھمەد جەۋدەت پاشانىڭ ئىلمىگە، قابىلىيىتىگە، جاسارىتىگە قول قويماي تۇرالمىدى. دېمەك ئەھمەد جەۋدەت پاشا بىر مىللەتنىڭ ئاساسى قانۇنىنىڭ ئۇنداق ئاسان ۋە بىراقلا ئۆزگەرىشىنىڭ، باشقىلارنىڭكىنى شۇ پېتى كۆچۈرۈپ تەدبىقلاشنىڭ،

مىللىتىمىزنى گۇمراھلىقتا ئىلىپ باربدىغانلىقىنى ئالدىن كۆرۈپ يەتكەنىكەن..

تارىخ ئاتا يىگىتكە يەنە سۇلتان ئابدۇلئەزىزخاننىڭ كەمتەر، كىچىك پېئىل ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى نامايەن قىلىپ بېرىدىغان يەنە بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى:

## ئابدۇلئەزىزخاننىڭ ئارزۇسى

ئابدۇلئەزىزخان، ياۋروپانىڭ زىيارەت تەكلىپىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۇلارغا ماقۇللۇق جاۋابىنى بەرگەندىن كېيىن، نەۋكىرى ھافىز مۇھەممەد بەيگە سەممىيلىك بىلەن دەردىنى تۆكۈپ:

”نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئىزچىل نېمىنى ئارزۇ قىلىپ كەلگىنىمنى بىلەمسەن؟ ئۈستى يېپىق بازار كاپالى چارشىدا ياكى ئاسمائالتىدا كىچىككىنە دۇككىنى بولغان تىجارەتچى ياكى ھۈنەرۋەن بولسامچۇ دەپ قالىمەن. ئەتىگىنى ئۆيدىن دۇككىنىمغا كەلسەم، ئاخشىمى ئاللاھ قانچىلىك بەرگەن بولسا شۇنى قويىنىمغا سېلىپ كېلىپ، خوتۇن-بالا چاقىلىرىمنىڭ قورسىقىنى تويغۇزسام؛ ئاتقا ئەمەس ھەتتا ئېشەككە مىنىپ، ھېرىپ-چارچىغان ئەمما، كاللىسى دەرتكە توشمىغان ھالەتتە ئۆيگە قايتسام، خانىمىم خۇش تەبەسسۇم بىلەن باللىرىم شوخلۇق بىلەن قارشى ئالسا، ئاددى دەستۇرخاندىكى ئاددى غىزالىرىمىزنى ئىشتىھا بىلەن يېسەم، قەلبىمىز راھەت، چىگىش مەسىلىلەردىن يىراق، ئۆز ھالىمىزدا ياشىساق دەپ كېتىمەن.

ئەلى ۋە فۇئاد پاشا، شۇ پەرمەنلەرنىڭ دۆلەتكە چوقۇم بېرىش كېرەك دەپ چىڭ تۇرغاندا، مەن نېمىنى ئويلىدىم بىلەمسەن؟ يانچۇقىدا ئاز-تولا خىراجىتى بار، ھال-ئوقىتى يامان ئەمەس، ئۇنۇۋانسىز، ماقامسىز بىر ئاددى ئادەم سۈپىتىدە بارغۇم كەلدى. مېنىڭمۇ ياۋروپانى كۆرگۈم بار، ئەمما ئويلاپ باققىنە، پۈتۈن ئالەمنىڭ كۆزى مەندە، قەدەم ئېلىشلىرىم، قاراشلىرىم، لەۋزلىرىمنى مەدىرلىتىشلىرىمغىچە ھەممىسى ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ تۇرىدۇ. دۆلىتىمىزگە كېلىدىغان ئەلچىلەرنىڭ ھالىنىمۇ كۆرۈپ تۇرىۋاتىمىزغۇ، ئىنسان كىشىنىڭ يۇرتىدا راھەت نەپەس ئالالامدۇ؟ ئىشىقلىپ، تەختتە ئولتۇرۇشىنىڭ راھىتى بولغىنىغا ئوخشاش جاپاسىمۇ ھەم كۆپ.“

## ئاتام تىرىلسە ئىدى

سۇلتان ئابدۇلئەزىزخاننىڭ دەۋرىگە ئائىت  يەنە مۇنداق تەسىرلىك ۋەقە بار ئىدى، يىللارچە كاۋكازىيەنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن بىر مىنۇتمۇ بوشاشماي كۈرەش قىلغان قەھرىمان ئىمام شامىل، ئاخىرى روسلارغا ئەسىر چۈشۈپ قالدى. بىر ئوغلىنىڭ چار پادىشاھقا گۆرۈگە قويۇلىشى بەدىلىگە، ھەجگە بېرىپ كېلىش ئۈچۈن روسىيەدىن ئايرىلىشىغا رۇخسەت قىلىندى، شەيخ شامىل ئائىلىسى ۋە خىزمەتچىلىرى ئاۋال ئىستانبۇلغا كەلدى، سۇلتان ئابدۇلئەزىزخان چوڭ مۇراسىم بىلەن ئۇلارنى قىزغىن كۈتىۋالدى.

سۇلتان ئابدۇلئەزىز، بارچە مېھمان كۈتۈش قائىدىلىرىنى ۋە ئۇردا ئەنئەنىلىرىنى قايرىپ قويۇپ، شەيخ شامىلنى دولماباغچە سارىيىنىڭ ئالدىدا كۈتىۋالغاندىن كېيىن:



”ئاتام سۇلتان مەھمۇد قەبرىسىدىن چىقىپ، تىرىلگەن بولسىمۇ بۇنچىلىك ھاياجانلانمىغان بولاتتىم“ دەپ كاۋكازىيەنىڭ بۇ قەھرىمانىغا بولغان ھۆرمەت ۋە مۇھەببىتىنى، قايىللىقىنى ئىپادىلىگەن..

ئوسمانلىنىڭ بۇ سەلتەنەتلىك ھۆكۈمدارى، داغىستاننىڭ باتۇر ئارسلانىنى قانداق كۈتۈشنى بىلەلمەي قالدۇ، دۆلەت خەزىنىسىنى ۋە تۈرلۈك-تۈمەن ئىلتىپاتلارنى ئالدىغا قويدۇ:

”مېنىڭ ئەزىز ۋە ھۆرمەتلىك مېھمىنىم، سىزگە دۆلىتىم تۇپراقلىرىنىڭ ھەر يېرى ئوچۇقتۇر، سىزنىڭ ۋە ئەۋلادلىرىڭىزنىڭ تۈرلۈك

ئارزۇلىرىنى بەجا كەلتۈرۈش مېنىڭ ۋە دۆلىتىمنىڭ شەرىپى ۋە ۋىجدانى ۋەزىپىسى“ دېدى.

شەيخ شامىل، سۇلتان ئابدۇلئەزىزنىڭ بۇ ئىلتىپاتلىرىدىن بەك تەسىرلەندى ۋە چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈردى، لېكىن ئۆزى ئۈچۈن ياكى بالىلىرى ئۈچۈن ھېچقانداق ماددى نەرسە تەلەپ قىلمىدى، پەقەتلا مەدىنىگە بېرىشقا، ئۇيەردە تۇرۇشقا ۋە ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا رۇخسەت بېرىشنى سورىدى.



تارىخ ئاتا ئاخىرىدا خەلقنىڭ سۇلتان ئابدۇلئەزىزخاننى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ۋاپات خەۋىرىنى ئاڭلىغاندا: ”دۆلەت ئاتىمىز ۋاپات بولدى“ دەپ پەرياد بىلەن جىمى كىشىنىڭ كوچىغا تۆكۈلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

يىگىتنىڭ كۆڭلى شادلىق ۋە قايغۇ بىرلەشكەن بىر قازانغا ئوخشاپ قالغانىدى، خىيالغا پاتقان ھالدا تارىخ ئاتىنىڭ كەينىدىن كېتىۋاتاتتى، تارىخ ئاتا كەينىگە بۇرۇلۇپ:

قېنى تېز ماڭايلى ئوغلۇم! ئەمدى قابىلىيەتلىك سۇلتانلارنىڭ ئاخىرقىسى بولغان، سۇلتان II-ئابدۇلھەمىدخاننى زىيارەت قىلغىلى بارىمىز“ دېدى.

# II-ئابدۇلھەمەدخاننى زىيارەت قىلىش

سۇلتان ئابدۇلھەمەدخان ھايات ۋاقتىدا ھەر زىيارەتچىنى قانداق كۈتىۋالغان بولسا ئۆلارنىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كۈتىۋالدى، پادىشاھلارنىڭ بىرسىنى كۆرگەندە ئورنىدىن تۇرۇشى ھۆكۈمدارلىق سالاھىتىگە نامۇناسىپ بىر ئىش ھېسابلىناتتى، لېكىن ئابدۇلھەمەدخان كىچىك پېئىل ۋە كەمتەر بىر پادىشاھ ئىدى.

ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنى كۈتىۋالغان بۇ پادىشاھنىڭ ئالدىدا يىگىت تەمتىرەپ قالدى، ھەيرانلىق ئىچىدە پادىشاھنى كۆزىتىشكە باشلىدى. II-ئابدۇلھەمەدخان ئۇيۇقتا نەزەر سېلىپ تۇرغاندەكلا ئىدى، خىيالچان كۆرىنەتتى، خۇددى تارىخ ئاتىنىڭ سىماسى ئۇنىڭدا ئەكىس ئەتكەندەكلا ئىدى، ئۇنىڭ يۈزىدىن تارىخنىڭ پۈتۈن ھېكايىسىنى ئوقۇغىلى بولاتتى. ھېلىقى، ھېچقانداق گەپ قىلمىسىمۇ، قاراشلىرىدىن، سىماسىدىن جىمى نەرسە مەلۇم بولغاندەك. لېكىن يىگىتنىڭ چۈشەنچىسىنىڭ ئوچۇق بولۇپ كېتىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا كونكرېت مىساللار لازىم بولغاچقا، سۇلتان پەس ۋە يۇمشاق بىر ئاۋازدا سۆزىنى باشلىدى.

”بالام، ئاللاھنىڭ جازالىشى ۋە مۇكاپاتلىشى بىر تارازىنىڭ ئىككى تەخسىسىگە ئوخشايدۇ. جانابىي ئاللاھ قەھىر يەنى جازا تەخسىسىنى ئېغىر كەلتۈرۈشنى خالىسا، لۇتۇف يەنى مۇكاپات تەخسىسى ئۆزلىكىدىن يۇقىرىغا كۆتۈرىلىدۇ. كۆپ قىسىم ئەھۋالدا قەھىر ئىمانسىزلارغا، لۇتۇف مۆئمىنلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، شۇنداق تۇرسىمۇ بەزى كافىرلارنىڭ كۈپۈر ۋە ئىسيانكارلىقلىرىغا قارىماي، مۇكاپاتلىنىشى، ئەكسىچە، مۆئمىنلەرنىڭ ئىمانى تۇرۇپمۇ قەھىرگە يەنى جازالاشقا ئۇچرىشى، ئاللاھنىڭ بۇ ئالەمدىكى زىتلارنى بىر-بىرىنى چەتكە قېقىپ، يوق قىلىۋەتمەي، بىر-بىرى بىلەن نۆۋەتلىشىپ ئۈستۈنلۈك ھاسىل قىلىدىغان، ھېكمەت تولغان ئۇلۇغ تەقدىرىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

مېنىڭ ھۆكۈمدارلىق دەۋرىمدە، يەرشارىنىڭ ئىقلىم جەھەتتىن ئاستا-ئاستا قىشنى ھېس قىلىشقا باشلىغان، ئاللاھنىڭ غەزىپىنىڭ مۆئمىنلەرگە، مۇكاپاتىنىڭ ئەھلى كۈپۈرغا بېرىلىۋاتقان چاغلىرى ئىدى.



مېنى تەختتىن چۈشۈرگەن ھەيئەت، دۆلەت باشقۇرۇش ۋە سىياسەت جەھەتتىن قولۇمغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيتتى. لېكىن ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن يىقىلدىم. بىر كۆچەتۆگگۈر پالۋاننىڭ ئالدىدا كىچىككىنە بىر ئاجىز قۇرۇت ھېچنېمە ئەمەس، لېكىن ئۇ قۇرۇت ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن كۆچلەنسە، ئۇ پالۋاننى ئۆلتۈرۈشكە كۇچى يېتىدۇ. دۈشمەنلىرىم تەرىپىدىن نېمە كۆرگەن بولسام، بۇ جانابىي ئاللاھنىڭ مېنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىم ئۈچۈن مېنى جازالىغىنى ياكى مېنى سىنىغىنىدۇر.

چۈنكى بۇ ئالەمدە ھەممە نەرسە ۋاقىتلىق، سەلتەنەتمۇ ھەم. شۇڭا تەختىمدىن: "بۇ، غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھنىڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر" (ياسىن سۈرىسى 38-ئايەت) ئايىتىنى ئوقۇغىنىمچە چۈشتۈم..

قىسقىسى، بۇ ھەقىقەتلەر ئالدىدا، يىقىلىشقا دۇچ كەلگەن سەلتەنەتلىك پادىشاھ مەن بولدۇم. دۇنيا سىياسىتىگە ئۆرغان تامغام ئالدىدا چەتئەللىكلەرمۇ بويۇن ئەگەتتى، ئەمما مېنى چۈشەنمەيدىغان، قوللىمايدىغان بىر قىسىم غاپىللار سەۋەبلىك شۇنچە چوڭ ئىمپېراتورلۇق يەر بىلەن يەكسان بولدى. بەزى پاشالار، بەگ، ئەپەندىلەر قۇرئاننى ئۇتقا تاشلاشتى، ئۇلار بىر خەرىتىگە ئوخشاپ قاراشنىمۇ بىلمەيدىغانلار ئىدى.

تاشقى دۇنيادا چىقىۋاتقان شامال-بورانلاردىن تىنچ-ئامان ئۆتۈشلىشكە تىرىشتىم، ئەمما بەزى ئۇرۇشقاق غاپىللار، دۆلەت ۋە مىللەتنى ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان خەتەرگە ئىتتىرىشتى. 90 مىڭ ياشنى سارىقامىشنىڭ تاغلىرىدا توڭلىتىپ قويۇشتى.."

"بالام، سىلەر مىللەتنى بۇنداق ئاپەتلەرگە ئىتتىرمەڭلار، ئەقىللىق بولۇڭلار، جانابىي ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە نەچچە يەردە "ئەقىل ئىگىلىرى، ئەقىل ئىگىلىرى..." دېمىدىمۇ، قۇرئان ۋە سۈننەت ئەقىلنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈپ تۇرغۇچى بىلەي تاش ئەمەسمۇ؟

بالام، مەن پەلەستىن ئۈچۈن ئەڭ دەسلەپ بويۇن ئەگكۈچى، پەلەستىن ئاھالىسى مېنىڭ يېتىم باللىرىمغا ئوخشاش، ئىسلام دۇنياسى بۇگۈن ئۇ يېتىملەرگە ئىگە بولارمۇ يوق ھېچ بىلمىدىم..."



”ئوغلۇم، بۇ ھاياتىمدا ئېرىشكەن تەجرىبىلىرىمدىن بىرسى شۇكى، بەزى كىشىلەرنىڭ يۈزىدە نىقاب بار، ئەسلىدە بەزىسى تۈلكە، بەزىسى يولۋاس، بەزىسى يىلان، بەزىسى مايمۇن تەبىئەتلىك، ئەمما تېشىغا بولسا ئادىمىيلىك نىقابىنى تاقىۋالغان. شۇڭا پاراسەتلىك بولۇشۇڭ كېرەك، ئۇ نىقابنىڭ ئاستىدىكى ئەسلى چىرايىنى كۆرەلمىسەڭ بەك چوڭ زىيان تارتىسەن..

بالام، بىز پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئۇنىڭ ساھابىلىرى ھەزرىتى ئەلى، ھەزرىتى ئوسمانلارغا مۇھەببەت باغلىدۇق. مەنمۇ ئەجدادىم باسقان ئىزنى بويلاپ ماڭدىم، مۆئمىنلەر ئۇ مۇبارەك زېمىنلارغا ئاسانراق بارسۇن دەپ، مەدىنە مۇنەۋۋەرگىچە بارىدىغان تۆمۈر يولى ياساتتىم. پەيغەمبىرىمىز سەپەر ئۈستىدە توختاپ دەم ئالغان يەرلەردە ۋوگزال، بىكەتلەرنى تەسىس قىلدىم.“

## مۇقەددەس لىنىيە

سۇلتان سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە كۆزلىرى ياشلاندى. "مۇقەددەس لىنىيە" پىلانىنىڭ يولغا قويۇلغان ۋاقىتلىرىنى ئەسلىدى. بۇ يولنىڭ ھەرقانچە قىيىنچىلىقلار بولسىمۇ، پەقەتلا مۇسۇلمانلارنىڭ پۇلى بىلەن ياسىلىشىنى تەلەپ قىلغانىدى. شۇڭا ھېچقانداق خىرىستىيان دۆلەتنىڭ مەبلىغىنى قوبۇل قىلمىدى ۋە تۇنجى بولۇپ ئۆزى شەخسى مۈلكىدىن مەبلەغ چىقىرىپ ئۆرنەك بولدى. بۇ ھەقىقەتەن باشقىلارغا ئۈلگە بولدى، ئېگېي دېڭىزى ئەتراپىدا ياشايدىغان ئەڭ نامرات كىشىلەردىنمۇ ياردەم كېلىشكە باشلىدى.

ھىندىستان مۇسۇلمانلىرىمۇ قاراپ تۇرمىدى، ئۇلار كۆرسەتكەن پىداكارلىقنىڭ ھەددى-ھېسابى يوق. ئوسمانلى ئۈچۈن ئىئانەساندۇقلىرى ياسىلىپ، كىم نېمە تاپسا شۇنى يوللىدى. ياش قىزلار، تويلۇق زىبۇ-زىننەتلىرىنى، ئوقۇغۇچىلار پارچە-پۇرات پۇللىرىنى، قىسقىسى كىمنىڭ ئىمكانىيىتى نېمىگە يار بەرسە شۇنى ئۇدۇللۇق ئەۋەتىپ تۇردى، ئۇ چاغلاردا ھىندىستان ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدا ئىدى، بولىۋاتقان بۇ ئىشلاردىن خەۋەردار بولغان بىر ئىنگلىز خاتىرىسىگە مۇنداق يازغانىكەن:

"ھەممەيلەن، قولىدا نېمە بولسا شۇنى ئوسمانلىغا ئەۋەتىۋاتىدۇ، بىر چاغدا بىر غۇلا-غۇلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، بىر نامرات ئايال قولىدا بوۋىقىنى كۆتۈرگىنىچە ئۇيان-بۇيانغا چېپىپ، "بۇ بالامنى سېتىۋالىدىغانلار يوقمۇ، ئاللاھ رازىلىقى





ئۆچۈن سېتىۋىلىنغانلار، پۇلسىنى ئوسمانلىغا ئەۋەتەي” دەۋاتاتتى، ئەتراپتىكى ھەممەيلەن پەرىشان بىر شەكىلدە ئىدى، ھەممەيلەننىڭ يۈرەكلىرى مۇجۇلدى، ئوخشاش بىر دەرتنى ھەممەيلەن تەڭ تارتىش دېگەن مۇشۇ ئىكەندە، ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتاتتى. ئاخىرىدا بىر ساخاۋەتچى چىقىپ پۇلنى ئايالغا بەردى ۋە بالىنىمۇ ئالماي كېتىپ قالدى”

سۇلتان كۆز ياشلىرىنى تۇتتۇۋالالمىدى...

ۋەتەن، مىللەت، ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ئۈچۈن قىلغان بەزى خىزمەتلىرىدىنمۇ ئاز-تولا خەۋەردار قىلدى.

”بۇلارنى ماختىنىش ئۈچۈن ئەمەس، سىلەرگە ئۈرنەك بولسۇن دەپ سۆزلەپ بېرىۋاتىمەن، قىسقىسى پۈتۈن ھاياتىمدا دۇنيالىق سەلتەنەت ئۈچۈن ئەمەس ئاخىرەتتىكى سەلتەنەت ئۈچۈن تىرىشتىم. چۈنكى دۇنيا سەلتەنىتى ۋە دەبدەبىسىگە ھېرىس بولغانلارنىڭ ئاقىۋىتى خەيىرلىك بولغان ئەمەس.

ھەشەمەتلىك سارايلارغا ۋە ئەسكى خارابىلىككە چۈشكەن قۇياش نۇرى يەنىلا ئوخشاش. دۇنياۋى شۆھرەتكە رام بولغانلار تارىخنىڭ ئەخلەت خانىسىدا يوق بولىدۇ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن يا ئاسمان يىغلىمايدۇ يا زېمىن.

بۇنىڭ ئەكسىچە ئاخىرەت سائادىتىگە رام بولغانلار، ھەم تارىخنىڭ ئالتۇن تەختىدە ئولتۇرالايدۇ ھەم ئارقىسىدا خەيىرلىك بىر نام ۋە شەرەپلىك ئەسلىمىلەرنى قالدۇرۇپ كېتىدۇ...

قېنى ئەمسە بالام، يولۇڭ، ئىمان نۇرلىرى بىلەن پارلىغان پىشانەڭدەك ئوچۇق بولسۇن!“

سۇلتاننىڭ بۇ سۆزلىرىدىن كېيىن تارىخ ئاتا بىلەن يىگىت ئۇنىڭ ھوزۇرىدىن ئايرىلدى، يىگىت يىغلا ئېرىشكەن چوڭقۇر ھەقىقەتلەر بىلەن ئۆزى ئۆزۈندىن بۇيان بوغۇلۇپ كېلىۋاتقان ئازاب دېڭىزىدىن قۇتۇلۇپ چىققاندەك بولدى.

# بەھجە سۇلتان

يىگىتنىڭ ئەس ـ يادى ئەقىل ـ پاراسەتلىك II ـ ئابدۇلھەمىد خاندا قالغانىدى، ئۇنى يەنىمۇ ياخشىراق تونۇغۇسى بار ئىدى، بۇ پىكرىنى تارىخ ئاتىغا ئېيتىۋىدى، تارىخ ئاتا ئۇنى ئابدۇلھەمىدخاننىڭ ئايالى بەھجە سۇلتاننىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. يىللار بويى مۇساپىرچىلىق تارتىپ، ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە لىق تولۇپ كەتكەن بۇ جاپەكەش خانىم ئۇلارنى ئەدەپ بىلەن چىرايلىق كۈتىۋالدى.

سۆھبەت تېمىسى ئۆتمۈشكە يۆتكەلگەندە، مۇنداق دېدى:

”سۇلتان ئابدۇلھەمىدخان ھارامدىن يىراق تۇراتتى، ھەرقانچە مۇھىم ئىش قىلىۋاتقان بولسىمۇ نامازنى كېچىكتۈرمەيتتى، ھەركۈنلۈك ۋەزىپىسى بولغان قۇرئان كەرىمنى ئوقۇپ، تەپەككۇر قىلىپ، ئاللاھنى زىكىر قىلاتتى.

كىچىك چېغىدىن باشلاپلا ئەرەپچە ئۆگەنگەن، قۇرئان ۋە تەپسىر ئىلىملىرىنى ياخشى ئۆگەنگەنىدى، ئۆردىدا ناماز ئوقۇمايدىغان ھېچكىم يوق ئىدى، ھەممەيلەن چوقۇم ناماز ئوقۇيتتى، ئاغزى كەلمەيدىغان چەتئەللىك خىزمەتچىلەرمۇ ھېچ بولمىسا ناماز سۈرىلىرىنى ۋە ئىسلام ئاساسلىرىنى بىلىشى كېرەك ئىدى.

مەرھۇم سۇلتان، ھۇجرىسىدا قۇرئان قويمايتتى، قۇرئان بار ئۆيدە پۇتلىرىنى ئۇزىتىپ ياتمايتتى.

**مەرھۇمنىڭ كارىۋىتىنىڭ بېشىدا بىر خام كېسەك بار ئىدى، ئۇنى ھېچ ئايرىمايتتى، ئۇيقۇدىن ئويغىنىپلا خام كېسەك بىلەن تەيەممۇم قىلىپ ئاندىن، تازىلىق ئۆيىگە بېرىپ تاھارىتىنى ئېلىپ كېلەتتى، تاھارەتسىز يەرگە دەسسىمەيتتى.**

ھەركۈنى چوقۇم ياسىن سۈرىسىنى يەتتە قېتىم ئوقۇيتتى، يادقا بىلەتتى، بىر نەرسە سورىساق دەمال جاۋاب بەرمىگەن بولسا دېمەك ئۇنىڭ سۈرە ئوقۇۋاتقان ۋاقتى ئىدى، توختايدىغان يەرلەرگە كەلگەندە توختاپ ئاندىن جاۋاب بېرەتتى...

ھەركۈنلۈك زىكىرلىرىنى چوقۇم قىلاتتى، ئاقسىتىپ پاكى كەملىتىپ قويمايتتى، بەزىدە شۇنداق ۋاقىتلارمۇ بولاتتىكى، ئوردىدا ئىككەيلىكى ئىبىنىق بولسىمۇ، ئىزدەپ ئىزدەپ تاپقىلى بولمايتتى."

يۇنان ئۇرۇشى بولغاندا پەقەتلا ئۇخلىمىدى، تاڭ ئاتقۇچە قولىدا خەرىتە: "ئەسكەرلىرىم ھازىر شۇيەردە، ئەمدى ماۋۇ يەردە" دەپ ۋەزىيەت تەھلىل قىلىپ، بىر سائەتتە بىر خەۋەرلىشىپ، دۇئا ۋە مەدەتلەر بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ناھايىتى ئاقكۆڭۈل ئىدى، ئۆزىگە قەست قىلغانلارغا بەرگەن ئەڭ ئېغىر جازاسى سۈرگۈن قىلىش بولاتتى، ئەمما ئارقىسىدىن ئۇلارغا خىراجەت ئەۋەتەتتى.

ھىجاز ۋە باغدات تۆمۈر يولى ياسىلىۋاتقاندا ئىشچىلارغا قول ـ ئىلكىدىكى ھەممە نەرسىنى تارتۇق قىلىپ بەردى، مەنمۇ قاراپ تۇرماي ئىلكىمدە نىمە بولسا نامراتلارغا، ئىشچىلارغا بەردىم، بىر مىداليونىملا قالغانىدى، ساراي بىسىۋېلىنغاندا ئۇمۇ بۇلاپ كېتىلدى.

بەھىجە سۇلتان، ئۇ ۋاقىتلارغا ئائىت خېلى كۆپ نەرسىلەرنى سۆزلەپ بەردى، ئاخىرىدا چوڭقۇر ئاھ چېكىپ:

"ھەممىمىز چېچىلىپ، خانىۋەيران بولۇپ كەتتۇق" دېدى، ئارىنى چۈشىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك سۈكۈت ۋە پەرىشانلىق قاپلىدى.

ئۇنى يەنىمۇ پەرىشان قىلماسلىق ئۈچۈن، ئۆزرە ئېيتىپ سۇلتانII ـ ئابدۇلھەمىدخاننىڭ قىزى شادىيە سۇلتاننىڭ يېنىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

# شادىيە سۇلتان

شادىيە سۇلتاننىڭ غۇربەتچىلىك ۋە ئازاب ئىچىدە ئۆتىدىغان كۈنلىرى كىچىك ياشتىلا باشلانغانىدى.

ئاتىسى ئابدۇلھەمىدخاننىڭ تەختتىن چۈشۈرۈلۈشى بىلەن باشلانغان قىيىنچىلىق كۈنلەرنى كىچىك شادىيە ھەم تەڭ باشتىن كەچۈردى. يىگىتنىڭ ئىلتىماسى بىلەن شادىيە سۇلتان ھەم ئاتىسى ھەققىدىكى ئەسلىمىلەرنى سۆزلەشكە باشلىدى..

تارىخ ئاتا تىلغا ئېلىنغان ۋە ئېلىنماقچى بولغان ئىشلارنى بىلەتتى، ئەمما ياش يىگىت ھەممىنى تۈنجى قېتىم ئاڭلاۋاتاتتى، ئاڭلىغانسىرى ئۇنىڭ سۇلتان ئابدۇلھەمىد ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى ئاستىن-ئۈستۈن بولاتتى، تارىخنى بۇرمىلىغانلارغا، خاتا ئۆگەتكەنلەرگە بولغان غەزىپى تېخىمۇ ئۆرلەپ باراتتى.

شادىيە سۇلتان مۇنداق دېدى:

"ئاتامنىڭ سالامەتلىكى بەك ياخشى ئىدى، كۈچ-قۇۋۋەت ۋە جۇشقۇنلۇق چېقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ پەقەت بىر قېتىملا ئاغرىپ قالغىنىنى ئەسلىيەلەيمەن، بەك ئاز ئۇخلايتتى، سەھەر تۇراتتى، بەش ۋاقىت نامىزىنى جايىدا، ۋاقتىدا ئوقۇيتتى، قۇرئان ۋە ھەدىس كىتابلىرى ئوقۇلىدىن چۈشمەيتتى. دىندار، ئىمانلىق بىر مۇسۇلمان ئىدى، **تاھارەتسىز يەرگە دەسسىمەيتتى**، ناھايىتى تىرىشچان ئىدى.

دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئىشلىرىغا بەك كۆڭۈل بۆلەتتى، ئاممىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنەتتى، ئۇلارنىڭ ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشنى ياخشى كۆرەتتى. كاتىپلىرى ۋە نەۋكەرلىرى بىلەن تەڭ ئولتۇرۇپ ئىشلەيتتى، كۈنلىرىنىڭ تولىسىنى ئۇلار بىلەن بىرگە ئۆتكۈزەتتى.

جۈمەدىن كېيىن بىرلا ئات قوشۇلغان مەپىنى ئۆزى ھەيدەپ قايتىپ كېلەتتى، ئاددىي-ساددا كىيىنىپ، ئاددىي غىزالىناتتى، قېتىق ۋە قېتىق ئارىلاشتۇرۇلغان تۇخۇمنى ياخشى كۆرەتتى."



شادىيە سۇلتاننىڭ ئېيتقانلىرى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتاتتى، ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

”ئاتام ھايۋانلارنى ياخشى كۆرەتتى، ئاسرايتتى، بىر تال ئاق رەڭلىك شاتۇتىسى بار ئىدى، ئۇ شاتۇت ئاتامنىڭ ئۇزۇن يىللىق ھەمراھى ئىدى، بۇ شاتۇت يەنە ئۇنىڭ خەۋەرچىسى سانىلاتتى. ئىشىكنىڭ ئالدىدا دېيىلگەن گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلىۋېلىپ، دادامغا كېلىپ ئوچۇق ئاۋازدا تەكرارلاپ بېرەتتى.“

بۇلارنى ئاڭلاپ يىگىتنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋىلەندى، يەنە بىر تەرەپتە تەپەككۇر دەرياسىغا غەرق بولۇشقا باشلىدى.

ئاخىرىدا بىر رەھبەرنىڭ، يېتەكچىنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ، شادىيە سۇلتان مۇنداق دېدى:

”ئاتامنىڭ سەلتەنەت زامانىدىن پەقەت بىرلا ئىشنى پەقەت ئۇنتۇپ قالمايمەن، ئۇ بولسىمۇ، يۇنان ئۇرۇشى، ئۇ چاغلاردا كىچىك ئىدىم.

ھېلىمۇ ئېسىمدە، خانىملار سارىيىغا توپ-توپ رەختلەر كەلتۈرۈلۈپ، ياردار ئەسكەرلەرگە كېچىلىك كىيىم تىكىش ئۈچۈن تارقىتىلىپ بېرىلدى. سارايدىكى خىزمەتچى خادىملار بىلەن بىرگە قاق سەھەردىن تا يېرىم كېچىگىچە تىكىش

ماشىنىسىنىڭ بېشىدا چۆرگىلەپ، ئۆلگۈرتۈشكە تىرىشاتتۇق. بۇ جىددىيچىلىك تا ئۇرۇش ئاخىرلاشقىچە داۋاملاشتى، مەن تۆگمىسىنى قاداشقا مەسئۇل ئىدىم، چوڭ ۋە ئۇلۇغ بىر ۋەزىپىنى بىجىرۋاتقانىدەك ھاياجانلىق ھېسياتتا ئىدىم، ئاتام ئابدۇلھەمىدخان پات-پات كېلىپ:

”ئاپىرىن قىزلىرىم، ئاللاھ سىلەردىن رازى بولسۇن، ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىش نېمىدىگەن ھوزۇرلۇق ھە، ئاللاھ ۋەتىنىمىزنى دۈشمەنلەردىن ساقلىسۇن“ دەپ دۇئا قىلاتتى.

بىزمۇ بۇ سۆزلەرنىڭ تۈرتكىسىدە يەنىمۇ ھاياجانغا تولاتتۇق، ۋاقىتنى ئۈنۈملۈك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، كۆزىمىزنى، يىپ-يىڭنىدىن ئايرىماي تۇرۇپ ئۇنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالاتتۇق.

ۋەتەن! ۋەتەن! بۇ مەن ئاتامدىن ئەڭ كۆپ ئاڭلىغان سۆز بولسا كېرەك.“

بىر ھەربىي مەشىق لاگېرى بار ئىدى، كەڭ ۋە چوڭ ھويلىسى بار ئىدى، ئۇ يەردە ئەسكەرلەرنىڭ مەشىقلىرىنى كۆرەتتۇق. يۇنان ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئۇ گازارمىنىڭ يېرىمى شىپاخانا قىلىندى، يارىدار ئەسكەرلەر ئېلىپ كېلىنگىنىدە ئۇلارنىڭ ھالىغا قانداق يېتىشنى بىلەلمەي تىپىرلاپ كېتەتتۇق، ئاتام ئۆزى كېلىپ، ياردارلارنىڭ باشلىرىنى سىيلاپ، ئۇ باتۇر ”مەھمەدجىك“ ۋە ”ئەھمەدجىك“ لىرىنىڭ ھالىنى سورايتتى، بىزمۇ ھال سوراش يۈزىسىدىن ئۆيلىرىمىزدىن تاتلىق-تۈرۈملەرنى ئەۋەتەتتۇق.

II-ئابدۇلھەمىدخان، ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ ھەرقانداق بىر ئۇرۇش قايىنىمىغا كىرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن پۈتۈن سىياسى قابىلىيىتىنى ئىشقا سالاتتى، دۆلەتكە تەھدىت بولىدىغان ھەرقانداق خەۋپنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قورال كۈچىدىنمۇ بەكرەك ئەس قاتىدىغان كۈچىنىڭ سىياسەت كۈچى ئىكەنلىكىنى، سىياسى تارىخ سەھنىمىزگە دەرس سۈپىتىدە قالدۇرۇپ كەتتى. 33 يىللىق سەلتەنەت ھاياتىدا پەقەتلا مۇشۇ ئۇرۇش سادىر بولغان ۋە سۇلتان ئەندىشە ئىچىدە قولىدىن كەلگەنىنىڭ ھەممىنى قىلغان ۋە بىر تەرەپتىن كېچە-كۈندۈز ئاللاھتىن ياردەم تىلەشنى ھەم ئۇنتۇپ قالمىدى..

يىگىت خۇشال بولدى، لېكىن بىردەمدىلا يەنە قايغۇلۇق خەۋەر ئاڭلايدىغانلىقىنى بىلگەچكە خوشلۇقى تېزلا يوقالدى، شادىيە سۇلتان ئاتىسىنىڭ

ۋەتەن ۋە مىللەتنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان شۇ ئەسلىمىلەرنى سۆزلەپ بەردى:

"ئاتامنىڭ تەختتىن چۈشۈرۈلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان بەزىبىر ھادىسىلەر يۈز بېرىشكە باشلىدى، ئوردىدا خاتىرجەملىك يوقۇلۇپ، ئىشەنچە ۋە بىخەتەرلىك قالمىغان شۇ پەيتلەردە ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئەلچىلىرى ئاتام بىلەن كۆرۈشۈپ، پاناھ تىلەپ مۇراجەت سۇنسا، ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ئاتام رەھمەت ئېيتىپ، رەت قىلدى ۋە:

"بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ جېنىمغا قىلىنغان قەست ئويۇنىدۇر، تاغام شېھىد ئابدۇلئەزىزنىڭ تەقدىرىگە قالىدىغانلىقىم ئېنىق، گۆشلىرىمنى بىر پارچە، بىر پارچىدىن يۇلۇپ ئالسىمۇ، ئەجنەبىيلەردىن پاناھ تىلىمەيمەن، ۋەتىنىمنى تاشلاپ ئەسلا قاچمايمەن، بۇ مەندەك 33 يىل تەخت سورىغان پادىشاھنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس، مەن ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشىغا رازىمەن" دەپ جاۋاب بەردى.

بۇلارنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغان شۇ چېغىمدا ئاتىدىن ئەھۋالنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئېغىرلىقىنى ھېس قىلالىدىم.

II ـ ئابدۇلھەمىدخاننىڭ شۇنچە ئەخلاقلىق، دىندار ۋە ۋەتەنپەرۋەر، قابىلىيەتلىك سۇلتان تۇرۇپ دۈچ كەلگەن ئاقىۋىتى يىگىتنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلدى، يۈرىكى ئاغرىدى: "ئاللاھىم، بۇئۆتمۈشتە ئاجايىپ كۈنلەر ئۆتۈپ، ئاجايىپ ئىشلار يۈز بەرگەنىكەن ـ دە!" دەپ ئاستا پىچىرلىدى.

شادىيە سۇلتان ئاتىسىنىڭ ئىسىل پەزىلىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تۆۋەندىكى سۆزلىرى بىلەن سۆھبەتنى ئاخىرلاشتۇردى:

"ئاتام، تەختتىن چۈشۈرۈلگەندە، ھەممىمىز تۇشمۇ ـ تۇشتىن تۇتۇلۇپ، ھەربى ئەمەلدارلارنىڭ ھەمراھلىقىدا پويىزغا چىقىرىلىپ يۆرۈپ كەتتۇق. ئاتامغا قارىسام، جىمجىت ئولتۇرۇپتۇ، چىرايىدا ئەندىشە ۋە تىت ـ تىت بولۇش ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى، ئۈمىدسىز ۋە پەرىشان ھالەتتە ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراۋاتقىنىمنى سېزىپ:

**"مېنىڭ غېمىم، سىلەردەك ياشلارنىڭ ۋە سارايدىكى خانىم ـ قىزلارنىڭ**

**زەربىگە ۋە تاجاۋۇزغا ئۇچراپ قىلىشى ئىدى. چۈنكى ئوردا ئىشغال قىلىندى، نەيزىلىك ئەسكەرلەر خانىم-قىزلار سارىيىغىچە كىرىشكە جۈرئەت قىلدى. مېنىڭ جېنىمنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوق، ئەجدادىم بۇ دۆلەت، بۇ مىللەت ئۈچۈن ئۇنتۇلماس تۆھپىلەرنى قوشۇپ تۇرۇپمۇ، نۇرغۇن ئوگۇشسىزلىقلارغا، قەبىھ ئاقىۋەتلەرگە قالدى.**

**بەزىبىر كىشىلەر پادىشاھلىقىمىزنىڭ قىممىتىنى بىلىشمىدى، ۋەتىنىمىز دەپ مەشرۇتىيەت (پادىشاھلىق ئاساسى قانۇنلۇق تۈزۈمى) دەۋرىنىڭ بېشىدىن باشلاپ جار سېلىشقانلار ئىچىدە، ۋەتەن ئۇقۇمىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان غاپىل نان قېپىلار كۆپ، بىلىپ-بىلمەي سادىر قىلىپ سالغان خاتالىقلىرىم بولىشى مۇمكىن، پەقەت ئاللاھلا بارچە قۇسۇرلاردىن خالىيدۇر، مۇكەممەلدۇر، مەن بىر ئاددىي ئىنسانمەن، نېمە قىلغان بولسام ۋەتىنىم ۋە مىللىتىم ئۈچۈن قىلدىم.“** دېدى.

تەختى، ئوردىسى، خەزىنىسى، ئەسكەرلىرى تارتىۋېلىنغان، مۇشۇنداق بىر قاراڭغۇ كېچىدە، ئاتامنىڭ قورال ئاستىدا، بىزنى قانداق ئاقىۋەتلەرنىڭ كۈتىۋاتقانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ مەردانىلىك بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغىنىمدا ئۇنىڭ قانچىلىك سەبىرچان، قانچىلىك كۈچلۈك بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئاندىن ھەقىقى تۈردە ھېس قىلىپ يەتتىم..

يىگىت بۇلارنى ئاڭلاپ بىر تەرەپتىن كۆڭلى يېرىم بولدى، بىر تەرەپتىن سۆيۈندى، بولغان بۇ ئىشلارغا كۆڭلى يېرىم بولدى، بۇلارنى بىلىۋالغىنى، دوستلىرىغا ھەم سۆزلەپ بېرەلەيدىغانلىقى ئۈچۈن خوش بولدى..



ھەرنىمە بولسا تارىخ ئاتا بولۇپ قاپتىكەن، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولسا يىگىت كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالاتتى.

تارىخ ئاتا يىگىتنىڭ قىزغىنلىقىنى كۆرۈپ، بەزى ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى، يىگىت پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلاشقا باشلىدى:

”1897 ـ يىلى تۈرك ـ يۇنان ئۇرۇشى، تۈركلەرنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى، يىللاردىن بۇيان خۇشاللىقنى تۈت كۆز بىلەن كۈتكەن ئىسلام ئالىمىنىڭ پەرىشان كۆڭۈللىرى ھوزۇر ۋە شاتلىققا تولدى. ئەمما، ئابدۇلھەمىد خاننىڭ خۇشاللىقىنىڭ ئارقىسىدىن دەرت سايە تاشلاپ تۇراتتى.

سۇلتان، ئۇرۇشتا يارىلانغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئىستانبۇلغا ئەكەلگەن بولۇپ، ئۇلار گۈمۈش سۇيۇ دوختۇرخانىسى ۋە شىشلە رايونىدا يېڭىدىن سالغان ئەتفال دوختۇرخانىسىغا ۋە يىلدىز سارىيىنىڭ ئاخىرقى ئۆچىدىكى كۆرگەزمە بىناسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ داۋالاشنى باشلىغانىدى. سۇلتان بىمارلارنىڭ ئەھۋالىنى ھەركۈنى سوراپ، يارىسىنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى ئىستاتىسكا قىلىپ تۇراتتى.

ياغاچچىلىق ھۈنىرىگىمۇ پىششىق بولغان سۇلتان، ياغاچچىلىق قىلىدىغان پەرگە بېرىپ ئىش بېشىغا:

”مۇھەممەد ئۇستام، 150 تۈپ دەرەخ كېسىڭلار“ دېدى.

ئىشى بېشى ھەيرانلىق بىلەن : ”پەرمانبەردارمىز سۇلتانىم، ئەمما بۇ 150 تۈپ دەرەخنى نىمىگە ئىشلىتىمىز؟“ دەپ سورىدى.

يۈزىدە تەبەسسۇم جىلۋىلەنگەن سۇلتان: ”قارىسام، يارىدارلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ پۇتى زەخمىلىنىپتۇ، بۇلارنىڭ يارىسى ساقايغىچە ياكى دوختۇرخانىدىن چىقىسىمۇ ھاسىغا ئېھتىياجى بولىدۇ، شۇڭا ئۇلارنى داۋالىتىپ يۇرتلىرىغا يولغا سېلىپ قويغۇچە بولغان ئارلىقتا بۇ ھاسىلارنى پۈتتۈرەيمىكىن“ دەپ جاۋاب بەردى.

قارىغىنە ئوغلۇم، سۇلتان نىمىدىگەن ئىنچىكە ئويلىغان، نىمىدىگەن شەپقەتلىك ھە، يارىدارلارغا ئۆز قولى بىلەن ھاسا ياساپ بېرىپتۇ.

سۇلتان II ـ ئابدۇلھەمىدخاننىڭ پۇقرالىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنىڭ يەنە بىر مىسالىنى سۆزلەپ بېرەي:

شۇ دەۋردىكى ناۋايلار، بىر دانىسى 30 تەڭگىگە سېتىلىدىغان نانغا، يەنە 10 تەڭگە قوشماقچى بولۇشتى.

كۆيۈمچان سۇلتان، بارچە ناۋاينى ھوزۇرىغا چاقىرىپ:

”سىلەر ناننى بۇرۇنقىدەك 30 تەڭگىگە سېتىۋېرىڭلار، ئۈستىدىكى 10 تەڭگىسىنى مەن بېرەي“ دەپتۇ.



چۈنكى بىر دۆلەتتە، نانىنىڭ باھاسى ئۆرلىسە باشقا زۆرۈر ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنىڭمۇ باھاسى شۇنىڭغا ياندىشىپ ئۆرلەپ، خەلق قىيىن كۈنگە قالاتتى.

سۇلتان II-ئابدۇلھەمىدخان بەيلەربەيى سارىيىدىن، مەڭگۈلۈك ئارامگاھى بولغان دىۋانيولىدىكى سۇلتان مەھمۇد قەبرىستانلىقىغا ئۇزىتىلىۋاتقاندا، كوچىغا سەلدەك يىغىپ كەتكەن خەلق:

”بىزنى تويغۇزغان پادىشاھىمىز، بىزنى بۇ ھالدا تاشلاپ قويۇپ، نەگە كېتىۋاتىسىز؟“ دەپ ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى.

ئوغلۇم! ئاڭلاۋاتقىنىڭ، كۆرۈۋاتقىنىڭدەك، ئەجدادىڭ ئارىسىدا مانا مۇشۇنداق ئۇلۇغ كىشىلەر بار، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى قانچىلىك تەتقىق قىلساڭمۇ ئازلىق قىلىدۇ دېدى ۋە يىگىتنى باشلاپ، ئىمان-ئېتىقادلىق تۈرك خەلقى قالمىدى، تۈگەشتى دەپ قارالغان مەزگىللەردە ھەم تارىخى زەپەرلەرنى قولغا كەلتۈرگەن چاناققەلئە شېھىتزارلىقىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

# چاناققەلئە شېھىدلىرىنى يوقلاش

قان ئىچىدە تۇرغان بىر شېھىد يىگىتكە مۇنداق خىتاب قىلدى:

”نەۋرەم، بۈگۈنكى ئاناتولىيەدىكى ھەربىر ئائىلىدە چوقۇم بىر چاناققەلئە شېھىدى بار، ھەر ئائىلە چاناققەلئەنىڭ يېتىمىدۇر، بۇ نەسىلدىن نەسىلگە ئۇلاشقان شەرەپ مېداليونىدۇر. چاناققەلئە تارىخقا شېھىدلىك ئۇقۇمىنى كونكرېت ھالدا ئۇقتۇرۇپ قويدى. بۇ مۇبارەك شېھىدلەرنىڭ قەبرىلىرى مىللەتنىڭ يۈرىكىدۇر.

بالام، سەنمۇ بىزدىن قالغان بىر يېتىمسەن، ئوغلىمىز سەن، بىزنىڭ كۆرەشلىرىمىز، ماددى ۋە مەنىۋى پائالىيەتلىرىمىز سىلەردە داۋاملاشسۇن!“

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشىگە يەنە بىر شېھىد مۇنداق دېدى:

”قارا ئوغلۇم، مەن بۇيەرگە كەلگىنىمدە موماڭ داداڭغا ھامىلدار ئىدى، مەن ئۇنىڭغا بىرەر خالتا بۇغدايمۇ قالدۇرۇپ كەتمىدىم، ئىستانبۇلدىن بۇيەرگە



كەلگىچە ئايغىمدىكى قونچىلىق ئۆتۈك پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتتى. ئۇچامدىكى كۆڭلىكىم ياماقلىق ئىدى. كۆرەشلىرىمىز نەتىجىسىدە ھازىر شۇنداق بىر ھالدىمىزكى، ئېرىشكەن نېمەتلىرىمىزنى ساناپ تۈگىتەلمەيمىز.

بەدىر جېڭىدە ئاللاھ پەرىشتىلىرىنى قانداق ئەۋەتكەن بولسا، بىزمۇ پەرىشتىلەرنىڭ قۇچىقىدا جان بەردۇق، بۇنى دۈشمەنلەرمۇ كۆرۈپ تۇردى.

بالام! كۈچ، ئاللاھنىڭ كۈچى، بىز قانچىلىك بەندىچىلىك قىلساق شۇنچىلىك كۈچلۈك بولىمىز. ئاللاھ، ئاسمان ۋە زېمىننىڭ ئەسلى ساھىبىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى ئېيتمىدىمۇ؟ بىز بۇنى بىلدۇق، ھېس قىلدۇق، تونۇپ يەتتۇق، تېگىشلىك نېسىۋىمىزنى ئالدۇق، سىلەرمۇ بىزنىڭ ھال ـ ئەھۋالىمىزدىن دەرس ۋە ھېكمەت ئالغايسىلەر.

ھەقىقىي ھايات بۇ يەردىكى ھايات، دۇنيادىكى غەپلەتلەر بۇنى پەردە بىلەن توسۇۋالىدىكەن، ھازىر قەبرىمىزدە جەننەت ھوزۇرى ئىچىدە تۇرىۋاتىمىز.

بالام، تارىخىڭغا، تىلىڭغا، دىنىڭغا ئىگە بول، ئۆتمۈشنى ئۇنۇتقانلار، ئۇ ئىزتىراپلىق كۈنلەرنى قايتا ياشاشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. تىلىنى قوغدىمىغانلار مەدەنىيىتىنى، ئەنئەنىسىنى، ھەتتا دىنىنىمۇ ساقلاپ قالالمايدۇ.

ئۆز تىلىنى بىلمىگەنلەر، باشقا تىل ئۆگىنەلمەيدۇ، بوۋاڭ مەھمەد ئاكىفنىڭ شۇ سۆزلىرىنى ئەسلا ئۇنۇتما:

ئىمان جەۋھەردۇركى، ئاللاھ بۇيۇكتۇر،
ئىمانسىز پاسىق يۈرەك بەدەنگە يۈكتۇر.
...
ئېگىسىز ۋەتەننىڭ يىقىلىشى ھەقتۇر،
ئىگە بولساڭ بۇ ۋەتەن ئەسلا يىقىلمايدۇ.

بالام، ئۆزۈڭگە قايت، يىلتىزىڭنى ياخشى بىل، شۇنى بىلگىنكى، ئەجدادىڭ زېمىنلاردىن كۆپرەك قەلبلەرنى فەتھ قىلدى، چۈنكى قىلىچ قەلب بىلەن ئىشلىتىلسە زەپەر ئېلىپ كېلىدۇ. قەلب بولمىسا، قىلىچ جان ئالغۇچى تۆمۈر پارچىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.



سەنمۇ قىلىچ بىلەن ئەمەس كۆڭلۈڭ بىلەن كۆڭۈللەرنى فەتھە قىل، قىلىچ غەلىبىسى ۋاقىتلىق، قەلەم ۋە قەلبلەرنىڭ زەپىرى مەڭگۈلۈكتۇر.“

يەنە بىر شېھىد مۇنداق دېدى:

”بالام، چاناققەلئەدىن سەن ئالىدىغان يەنە بىر ئىبرەت شۇكى، ئەگەر بىر جەڭدە ئاللاھ ئۈچۈن، ۋەتەن ۋە مىللەت ئۈچۈن جېنىنى بەرگەن شېھىدلەر كۆپ بولسا، بۇ قۇربانلارنىڭ كەينىدىن بۈيۈك غەلىبە كېلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، بىر جەڭدە ئىچى قۇرۇق داشقال ئەسكەرلەر كۆپ بولسا، ئۇلارنىڭ كەينىدىن قالىدىغىنى بىر دۆۋە شېخىل بولىدۇ“

يەنە بىر شېھىد سۆزگە ئارىلىشىپ:

”بالام، ھەر غەلىبە بىر پىداكارلىقنىڭ مەسئۇلىدۇر، جانابىي ئاللاھ كائىناتتا ھەر نەرسىگە بىر بەدەل ئورۇنلاشتۇرغان، بىر ئۇرۇقتا قانچىلىك ئەجىر قىلساق ئۇ ئەجىرىمىزگە يارىشا مىۋە بېرىدۇ.

سەبىر- تەۋەككۇل ئىرادە، ۋە جاپانىڭ مەھسۇلى بولغىنىدەك، بۇ دۇنيامۇ ئاخىرەت ئۈچۈن بىر بەدەلدۇر.

ھەقىقەتەن قانداق ياشىساق شۇنداق ئۆلىمىز، شۇڭا ئىمان ۋە خىزمەتنى ئاشىقلىق دەرىجىسىگە ئەكىلىپ تۇرۇپ ياشاش زۆرۈردۇر.

چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ياشىساڭلار بۇ ئالەمدە ۋە مەھشەردە ئاللاھنىڭ ئەرشى سايىسىگە كۆلەڭگە بولىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سايىسىگە قۇچاق ئاچىدۇ...“دېدى.

يەنە بىر شېھىد:

”ئوغلۇم، ياپونلار ئەۋلادلىرىغا ئامېرىكا تەرىپىدىن ئاتوم بومبىسى ئېتىلغان يەرلەرنى كۆرسىتىپ، ئەگەر تىرىشمىساڭلار، ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن كۈچلۈك بولمىساڭلار، قالىدىغان ئاقىۋىتىڭلار ئەنە شۇنداق بولىدۇ، بۇ ئازابلىق تارىخنى ئۇنۇتماڭلار، دائىم ئېسىڭلاردا تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەڭلار، توختىماي ئىزدىنىڭلار، تىرىشىڭلار دەيدىكەن.

ئۇنداقتا كەل، سەنمۇ نەزەر تاشلاپ باق، تارىختىن بۇيان شۇ ئانادولۇ تۇپراقلىرىدا، بالقانلاردا، يەمەندە، ئالجىرىيەدە، قىرىمدا ۋە يەنە نۇرغۇن يەرلەردە ئەجدادىڭ باشتىن كەچۈرگەن ئاچچىق-چۈچۈك ئەسلىمىلەرنى ئۇنۇتما! يۇنان ئۇرۇشى، موسكۋا ئۇرۇشى ۋە ئەرمەنى ئۇرۇشىنى بىر ئەسلەپ چىق، ئاخىرىدا چاناققەلئە ۋە ئىستىقلال ئۇرۇشىنى ئېسىڭدىن چىقارما! يېقىنقى يىللاردا يۈزبەرگەن بوسنىيە-گېرتسېگوۋىنا ھادىسىسىدە ھەم نۇرغۇن ئىبرەت بار! دوست بىلەن دۈشمەننى ياخشى پەرق ئەت، ئۈستۈڭدە ۋە ئاستىڭدا مەنىۋى ۋە ماددى نۇرغۇن خەزىنىلەر بار، ئۇلارنى ھېس قىلىشنى، تېپىشنى بىل.



ئۆزۈڭنى ئەسلا تۆۋەن چاغلىما! شۇنى ياخشى بىلگىنكى، بىر مىخ بىر نالنى، بىر نال بىر ئاتنى، بىر ئات بىر قوماندانىنى، بىر قوماندان بىر دۆلەتنى قۇتقۇزالايدۇ...“

ئاخىرىدا تارىخ ئاتا ۋە يىگىت رۇمبلىيە مەجىدىيە ئىستىھكامىدا 215 كىلوگرام كېلىدىغان غايەت زور، ئېغىر ئوقنى زەمبىرەك ئاغزىغا كۆتۈرۈپ قاداپ ئىنگلىز ئەسكەرلىرىنى تىرە-پىرەن قىلىپ چاناققەلئە بوغۇزىنىڭ مۇزدەك سۇلىرىغا ئۆچۈرۈۋەتكەن ئەزىمەت سەئىد ئون بېشىنىڭ ئانىسىنىڭ يېنىغا باردى.

ئۇ ئانا سۆزىنى باشلىدى:
"ئوغلۇم، ئەسلا ئۇنۇتمىغىنكى، بىر مىللەتنى ئىپپەتلىك، ئىمانلىق، ۋەتەنپەرۋەر ئانىلار غەلبىگە باشلايدۇ. جەننەت مۇشۇ سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان ھەقىقىي ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدىدۇر، مۇشۇنداق ئانىلار بىلەن جەمئىيەت گۈللىنىدۇ، ئانىلار، ئاياللار بۇزۇلغان جەمئىيەت بەربات بولىدۇ، چۈنكى پەرزەنتلەر ئىجابىي ياكى سەلبىي ئېنىرگىيەنى تۇنجى بولۇپ ئانىسىدىن ئىمىپ ئالىدۇ.
بالام، ئەگەر بىر جەمئىيەتتە پىداكار، ۋاپادار، جاپاكەش ئانىلار يەنى ھەقىقىي ئانىلار كۆپ بولسا، ئۆيەردىن فاتىھلەر، ئەۋلىيالار كۆپ يېتىشىپ چىقىدۇ... ئانىلار تارىخنىڭ كۆرۈنمەس، يوشۇرۇن قەھرىمانلىرىدۇر.
بىز بالىلىرىنى دائىم تاھارەت ۋە ياسىن شېرىف بىلەن ئېمىتكەن ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرى ...
سەئىدمۇ شۇنداق يېتىشتى، چاناققەلئە ئۇرۇشىدىن كېيىنمۇ پەزىلەتلىك بىلەن ياشىدى، نامراتلىق، يوقسۇزلۇق ۋە كۆپ ئەرزىيەتلەرنى چەكتى، لېكىن دىنىدىن ۋە ئەخلاقىدىن ھېچبىر زامان ۋازكەچمىدى."
سەئىدنىڭ ئانىسىنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن كېيىن تارىخ ئاتا ۋە يىگىت بۈگۈنكى زامانغا قاراپ يول ئالدى.



# بۈگۈننى زىيارەت قىلىش

يىگىتنىڭ كۆز ئالدىدا كەڭ كەتكەن خارابىلىق سوزۇلۇپ ياتاتتى، مەدەنىيەت، ئەنئەنە، تىل ۋە تارىخى تالان-تاراج قىلىنغان بىر خارابىلىق...

يىگىت ئەجەپلىنىپ:

"تارىخ ئاتا! بۇيەردىكى ئارسلاندەك، باتۇر يىگىتلەرگە نېمە بولدى؟ بۇيەردە قارام ئەزىمەتلەر بار ئىدىغۇ؟" دەپ سورىدى.

تارىخ ئاتىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى، كۆزلىرىدىن سىرغىغان ياشلار ساقىلىنى نەمدەشكە باشلىدى:

"ئوغلۇم، بايا كۆردۈڭغۇ، ئۇلۇغ غايىلەر ئۈچۈن بەزىلىرى كوسوۋاغا، بەزىلىرى نىغبولۇغا، بەزىلىرى ۋىياناغا يەنە بەزىلىرى چاناققەلئەگە كەتتى، ئەڭ ئاخىرىدا قالغانلار ئىستىقلال ئۇرۇشىغا كېتىشتى.

**ئۇلار، تارىخنىڭ شەرەپلىك بەتلىرىگە ئىمانى، ئىلمى، مىلى، جېنى ۋە قېنى بىلەن ئىمزا قويۇشتى. ئاخىرىدا سېنى مىراسخور قىلىپ كېتىپ قېلىشتى، ئەمدى سېنىڭ ۋەزىپەڭ ئۇ مۇقەددەس مىراسلارغا ئىگە بولۇشتۇر.**

ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمە، سەن ئۇلارنىڭ نەۋرىسى.

ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ 623 يىللىق شانلىق تارىخىنى سۆرەتلەپ بەرگەن شۇ مىسرالارنى ئاڭلىدىڭمىكىن:

زاماندىن سورىساڭ، مېنى كىم دەپ؟
يەرشارىنىڭ تۆتتە بىرى مېنىڭ ئىدى.
زامان مەن چاپقان ئۆستەڭدىن ئېقىپ،
ئۈچ قىتئەدە ئېتىمنىڭ ئىزى بارئىدى.
خىيالىم شەمشەر، قەۋملەر ئۆچ ئىدى،
پۈتۈن ئالەم، شەيدايى ئىرادەم ئىدى.

نىيرۋاغا بەردىم قەلبىمدىكى ئاھاڭنى،
مەقسىتىمدىكى شەكىل ۋە رەڭنى.
دۇنيا بىلدۇ شان-شەۋكىتىمنى،
مەن ئەسلىدە بۇنداق ئەمەستىم.
ئالتە ئەسىر ياشىندىم، بۈگۈن ئېگىلدىم...

شۇنداق ئوغلۇم، سەن بىر قېتىم ئېگىلىشكە مەجبۇر بولدۇڭ، نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى قابىلىيەتلىك ئىنسانلىرىڭ، دىنى ۋە مىللى غايىلىك ئاۋانگارتلىرىڭ ئازىيىپ، يۆنىلىش قېيىپ كەتتى. ئىشلار قابىلىيەتسىز، نائەھلىلەرنىڭ قولىغا



قالدى. شۇ سەۋەبتىن شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى:

جەمئىيەتنى ۋەيران قىلىدىغان نەرسە، قابىلىيەت ئېگىلىرىنىڭ بولماسلىقىدۇر. ئوسمانلىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئىستىدات ئېگىلىرى دۆلەتنى قانچىلىك تەرەققى قىلدۇرغان بولسا، ئاخىرقى مەزگىلىدىكى نا ئەھلى زاتلار شۇنچە چېكىندۇردى. قابىلىيەتلىكلەرنىڭ يوقلىقى ۋە ئازلىقى سەۋەبىدىن ئوسمانلىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ئورمان باشلىقى گىرىتسىيىلىك، سودا قارانىيەت كىشىلەرنىڭ قولىدا ئىدى.

سىلەر لاياقەتلىك ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرمەي، سىلەرنىڭ ئەۋلادلىرىڭلارنى خەقلەر ئۆزى خالىغانچە يېتىشتۈردى. بۇ ئەجنەبىيلەر سىلەر پاشىلارنى ئۆز دۆلىتىگە ئاپىرىپ قەلب ئوپېراتسىيىسى، مېڭە يۇيۇش ھەرىكىتى قىلدى، شۇنىڭ بىلەن سىلەر پاشىلار ئىچ دۇنياسى غەربكە باغلانغان، تاشقى كۆرۈنىشى، يەنى پاگونىلا تۈرك ھالەتتە قايتىپ كەلدىڭلار. بۇنداق پاشىلار لىڭگىرتاقتاق ئويۇنىدەك بىرى كەتسە بىرى كېلىپ تۇردى.

نىقاب تاقاپ يۈرگەچكە سادىدا خەلق ئۇلارنىڭ ئىچ يۈزىنى ھېس قىلىشمىدى، ھېس قىلىسىمۇ قولىدىن بىر ئىش كەلمەيتتى، ساڭا بەك ئىبرەتلىك بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بېرەي:

"1911-يىلى ئىتالىيەلىكلەر ئوسمانلىنىڭ زېمىنى بولغان بۈگۈنكى لىۋىيەگە ھۇجۇم قىلدى. ئىتتىپاقچىلارنىڭ خائىن باشلىقى ئىبراھىم ھەققى پاشا، بۇ يەرنى ئاللىبۇرۇن ئىشغالغا تەييار ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانىكەن .

ئۇيەردىكى ئەسكەرلەرنى يەمەنگە يولغا سېلىپ قويۇپ، قوماندان ۋە ھەربى ئىشلار سەركەردىسىنى ئاقماس باھانىلەر بىلەن ئىستانبۇلغا چاقىرغانىكەن. ئۆزى بولسا رۇم ئەلچىخانىسى تەرىپىدىن ۋالىيلىققا تەيىنلىنىپ يۆتكىلىۋالغانىدى. ئىتالىيەلىكلەرنىڭ غەرىزىنى ھەممىدىن ياخشى بىلەتتى. لېكىن لىۋىيەنى بوشىتىش ئۇلتىماتومىنى تاپشۇرىۋالغاندا، ئوسمانلى ئارمىيىسىدە مۇشاۋىر بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئىتالىيەلىك روبىللان بىلەن قارتا ئويناپ ئولتۇرۇپ: ”ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇڭلار، بۇ بىر قول ئويۇن تۈگىسۇن“ دەپ نەچچە سائەتتىن كېيىن ئېچىپ ئوقۇغانىدى.

بۇنداق خائىنلار ۋە غەپلەتنىڭ نەتىجىسىدە مىللەتنىڭ ئامانەتلىرى، ئېسىل ئەنئەنە ۋە زېمىنلىرى قولدىن كېتىپ زاۋاللىق باشلاندى، يوقىتىش ئېغىر بولدى، سەلتەنەتلىك بىر مىللەتكە ئۇۋال بولدى.“




بۇلارنى ئىتتىپاق يۈرەكلىرى پارە-پارە بولغان تارىخ ئاتا، بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەر ئالدىدا يىگىتنىڭ چۈشكۈنلىشىپ، ئىشەنچىنى يوقىتىپ، كېلەچەككە قاراپ دادىل قەدەم ئالالماي قالماسلىقى، ئارزۇ-ئۈمىدلىرىنىڭ كۆپۈككە ئايلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئەجدادى ئىگە بولغان تارىخى كۈچىنى ئەسلىتىپ قويۇش ۋە روھىي مەدەت بولىدىغان ئىشلارنى تەكىتلەپ قويۇشنى توغرا تاپتى.

## سەن كۈچلۈك بىر مىللەت سەن

”ئوغلۇم، سەن دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئىش، ئۆتمۈشتىن ئىبرەت ئېلىپ، نەپسىڭنى يېڭىش ۋە نەپسىڭنىڭ ئازدۇرۇشلىرىغا ئالدانماسلىق. قەلبىڭ، ئاللاھ ۋە پەيغەمبەر سۆيگۈسى شۇنداقلا ۋەتەن سۆيگۈسى بىلەن تولسۇن! دۇنيا مەئىشەتلىرىگە ئالدىنىپ، پۇچەك نەرسىلەرگە رام بولۇپ ۋاقىت زايە قىلما!

ئەۋلادىم، شۇنى بىلگىنكى، ھەرمىللەت ئىمانى، تىلى ۋە تارىخى بىلەن ياشايدۇ. زېمىن بۇ ئەزىز بايلىقلار بىلەن ۋەتەن بولۇپ يۇت تىرەپ تۇرىدۇ. سىلەر مۇشۇ ئاڭ بىلەن ياشىغان چېغىڭلاردا، قولۇڭلار بىلەن سىزغان ئۆستەڭلەردىن شەربەتلەر ئاقتى.



دۇنيا سىلەر ئۈچۈن بىر مۇسابىقە مەيدانى، ياۋرۇپا تۈزلەڭلىكلىرى بىر بەيگە مەيدانى بولدى، سىلەر تارىخ سەھنىسىدە ئېرىشىش تەس بولغان مىداللىيونلارنى ئالدىڭلار، بۇ شان شەرەپنى ئويلىغىن، ساڭا مىراس سۈپىتىدە بۇ شان-شەرەپلەر يېتىپ ئاشىدۇ.

ئوغلۇم! يىلتىزى مۇستەھكەم ۋە سەلتەنەتلىك بىر ئۆتمۈشكە ئىگە بولغان ئىزباسار بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن شۇنى ئەستىن چىقارما:

ئاناتولىيەنىڭ سېپىل دەرۋازىلىرىنى ئاچقاندا، ئاپئاق كۆڭلىكنى كىيىپ: ”بۇ مېنىڭ كېپەنلىكىم“ دەپ، قوشۇنىنىڭ ئەڭ ئالدىدا ئۇرۇش قىلغان ئالىپ ئارسلاننىڭ بولسا، ھەزرىتى مەۋلانالار، يۇنۇسلار ۋە ھۈدايىلەردەك يۈرەكلىرىنى ئىبادەتخانا قىلغان كۆڭۈل قەھرىمانلىرىڭ ۋە ئۇلاردىن ھوزۇر ئېلىپ ئىزىنى بويلاپ ماڭىدىغان گۈزەل كىشىلىرىڭ بولسا، ئوسمان غازى ۋە ئۇنىڭ



ئەۋلادلىرىدەك ئۆزىنى ئاللاھقا ئاتىۋەتكەن ئۆرنەك ئىنسانلىرىڭ بولسا، بۇ زەپەر ئۈچۈن مەن قۇربان بولاي دەيدىغان I ـ مۇرادخانلىرىڭ بولسا، پۈتۈن دۇنيا بىلەن بىرگە سوتقا چىققان ۋە ئادالەت ئۈچۈن قىلىنى قىرىق يارغان فاتىھلىرىڭ بولسا،

**سەن كۆچلۈك بىر مىللەت سەن!**

”پادىشاھىم، مىنىڭ ۋەزىپەم، سىنىڭ ئاخىرىتىڭنى قۇتقۇزۇشتۇر!“ دەپ سۇلتاننى خاتا قارارلىرىدىن ۋاز كەچتۈرەلەيدىغان ئىلىم ئىگىلىرىڭ بولسا ۋە شۇنداقلارنى يېتىشتۈرەلىسەڭ، سەن ئۆتمۈشۈڭگە ئوخشاش كۈچلۈك بولالايسەن.

مۇھاجىر پۇقرالارنى، ئۇلارنىڭ ئەسلى ھاكىمىيەتچىلىرىدىنمۇ بەكرەك رازى قىلالايدىغان قىممەتلىك شەخسلىرىڭ بولسا ۋە سىنىڭ ئادالەت ئۇقۇمىڭ، جەمئىيەتنى تۆردەك بىر ـ بىرىگە باغلىيالىسا، ئىستانبۇلنىڭ فەتھىدە يالقۇنلاپ كۆيىۋاتقان ئوتقا كۈچلۈك ئىمانى بىلەن سەكرەپ: ”شېھىدلىك نۆۋىتى ئەمدى بىزگە كەلدى دەپ“ سىپىللارغا زەپەر بايرىقىنى قادىغان ئۇلۇباتلى ھەسەنلىرىڭ بولسا، بىر چۈمۈلىنىڭ ھوقۇقىنى ئويلىغان قانۇنى سۇلتان سۇلايمانلىرىڭ بولسا، قەلئە ئۆرۈلگىنىدە خەلقنىڭ ئازابىنى كۆپ ئويلاپ پالەچ بولۇپ قالغان I ـ ئابدۇلھەمىدخانلىرىڭ بولسا، ئاللاھ ۋە پەيغەمبىرىمىزگە بولغان سېغىنىشىنى سۇلارغا كەشتىلىگەن فۇزۇلىدەك شائىرلىرىڭ بولسا ياكى يەنە نۇرغۇنلىغان فۇزۇلى يېتىشتۈرۈش ئويلىرىڭ بولسا، مىڭسى قۇرئان بىلەن تولغان ئانىلار ئارسلاندەك ئەزىمەتلەرنى تۇغالىسا، بۇ دۇنيا سىنىڭ كۆزۈڭدىن ئۇنتۇلۇپ، ئاخىرەت سائادىتى ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقى دائىملا كۆز ئالدىڭدا بولسا، دېمەك

**سەن كۈچلۈك مىللەت سەن.**

كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، تۇنۇگۈن ئورنىدىن تۇرۇپ مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرگەن ئانادولۇدىكى كۈۋايى مىللىيە روھى بۈگۈن ھەم تىك تۇرالايدۇ.

يۈزبەرگەن ھادىسىلەر ئالدىدا ئەسلا مەيۈس ۋە ئۈمىدسىز بولما، مۆئمىن دائىم ياخشى تەرىپىنى ئويلايدۇ، رەببىگە ئىلتىجا قىلىدۇ، چۈنكى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىشكە بولمايدۇ.

شۇ ياڭراق ئەزان ساداسىدىن ساڭا بىر روھىيەت ئېقىپ كىرىۋاتقان بولسا، ئەركىن ۋە چەكسىز سامادا لەپىلدىگەن ئاي يۇلتۇزلۇق بايرىقىڭ ساڭا كۈچ بېرىۋاتقان بولسا، دېمەك سەن بۇ مۇقەددەس ئامانەتلەرنىڭ ئىگىسى...“

تارىخ ئاتا سۆزلىرىنى داۋاملاشتۇرىۋاتقاندا، سۇلايمانىيە مەسچىتىنىڭ مۇنارىدىن ياڭراق سادا بىلەن ئوقۇلغان، ئىستانبۇلنى سەھەر ھوزۇرىغا چۆمدۈرىدىغان ئەزان ئاۋازى يىگىتنى چۈشىدىن ئويغاتتى.

يىگىتنىڭ قەلبى راھەتلەندى، مېڭىسى تارىخ ۋە تەقدىرنىڭ ھوزۇر ۋە سۈكۈناتى بىلەن تولدى. لېكىن بۇ يېڭى كۈن ئۈنىڭغا قانداق يېڭى ئىبرەتلىك دەرسلەرنى كۆرسىتەركىن، ئۆز-ئۆزىگە:

”بۈگۈن ئالاھىدە بىر كۈن بولىدى“ دېگىنىچە، قىبلىگە يۈزلەندى. قوللىرىنى كەڭ ئېچىپ مۇناجات دۇئا قىلدى:

**”ئاللاھىم، بۇ مىللەتنى قايتىدىن يۈكسەلتىدىغان يورۇق تاڭلارنى بىزگە نېسىپ قىلغىن!“**

ئامىين!...